ئابلەت جۇمە، مجىت نىزامدىن



# پەخىرلىك ئوغلان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى

ISBN 7-5373-1360-1
9 787537 313605 >

بۇ كىتابنى ئۆزىنى سۆيۈشنى،
ئۆزگىلەرنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان
كىشىلەرگە بېغىشلايمەن!

ئىھتىرام بىلەن: ئابلەت جۇمە

2005 - يىلى 1 - يانۋار



ئابلەت جۇمە، مجىت نىزامدىن

# پەخىرلىك ئوغلان

(ئەدەبىي ئاخبارات)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھى
قامۇس يېزىقچىلىق مۇلازىمەتچىلىكى

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **بەختىيار ئابلىمىت جەسۇر**
سۈرەت تارتقۇچى: **نۇرمۇھەممەت مەمەتساۋۇت**

# پەخىرلىك ئوغلان

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: **ئابلەت جۇمە، مىجىت نىزامىدىن**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 4.5، قىستۇرما ۋارىقى: 5
2005 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000

---

ISBN7 — 5373 — 1360 — 1
باھاسى: 9.00 يۈەن

سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 _ 2653927
















# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز .................................... 1
گۈلگە پۈركەنگەن سەھەر ........................... 3
ھايات ئاددىي، تۇرمۇش مۇرەككەپ ..................... 12
«بىلىم نەدە بولسا سوراپ ئال» ....................... 19
شۇ كۈنلەردە ................................... 25
دىلى ئاقنىڭ قولى پاك بولىدۇ ....................... 33
ئەگۈستە چاقنىغان مۇھەببەت ........................ 42
دېھقان بولغاچقىلا بىز مەۋجۇت ....................... 48
«ئۈچ ئۈچۈن» سوققان يۈرەك ........................ 52
ئىقبال شوتىسى ................................. 57
مۇرەككەپ ھېسسىيات ئاددىي ئۇقۇمدىن غالىب ئەمەس ... 61
ھاياتقا يانداشقان سۆيگۈ ........................... 67
بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭ پەزىلىتى ....................... 73
تىزگىن تۇزىدۇ .................................. 81
شەرەپ مۇنبىرىدە چاقنىغان نۇر ....................... 87
خاتىمە ........................................ 92

# 目　录


前言 …………………………………… 1

充满鲜花的早晨 ……………………………… 3

人生是简单的又是复杂的 ………………………… 6

不懈的求知欲 ……………………………… 9

在那些日子 ……………………………… 12

心净才能身洁 ……………………………… 16

情系艾古斯 ……………………………… 21

农民伟大，我们也伟大 ………………………… 24

为“三农”跳动的心 …………………………… 26

幸福的使者 ……………………………… 28

复杂的情感无法战胜简单的道理 ………………… 30

与生命相伴的爱 …………………………… 33

一班人的品德 ……………………………… 36

约束的力量 ……………………………… 40

荣誉榜上闪亮的星 …………………………… 43

尾声 …………………………………… 45

# كىرىش سۆز

«... ئوقۇمىسىمۇ بىلىم بولمىسا بولمايدۇ، دىپلوم بولمىسىمۇ، كەسپىي ماھارەت بولمىسا بولمايدۇ! ...» قارىماققا بۇ شۇ قەدەر ئاددىي جۇملىدەك بىلىنىدۇ، ئىچكىرلىسىڭىز، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مەزمۇن ۋە پەلسەپىۋى ئۇقۇم يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

مەن تېلېۋىزوردا تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان مەلۇم بىر ئورۇندىكى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنچىسىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان يۇقىرىقى يەكۈنگە دەسلەپ ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدىم، كېيىن بۇ گەپنىڭ مەنىسى ئۈستىدە ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدىم. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ھاياتلىق پائالىيىتىگە ئاجايىپ ماس كەلگەنلىكى ئىدى. ئۇنى ئەتراپىڭىزدىكى ئىشلارغا ۋە ئۆزىڭىزنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىغا تەتبىقلاپ باقسىڭىزلا، شۇنچىلىك يىغىنچاق ئۇقۇم ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، تەكرار تەشەككۇر ياغدۇرىسىز.

راستىنى دېسەم، بۇ مەلۇم ئېھتىياج تۇپەيلىدىن ئۇدۇلىغا ئېيتىپ قويۇلغان ۋە بىلدۇرگۇ سۇپىتىدە بازارغا سېلىنغان ئوقۇم ئەمەس، بەلكى دەۋرىمىزگە تولىمۇ ماس كېلىدىغان يىمىرىلمەس بىر ھەقىقەت. بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ خىل مەنبە ھەربىر ئادەمدە بولۇشى كېرەك. بىراق، بىز ئۇنىڭ ۋەسلىگە قانداق يېتىمىز؟ مانا بۇ بىز يەشمىسەك بولمايدىغان يەنە بىر ئاددىي سوئال.

دوستۇم، مەن شۇ ۋەجدىن سىزنى پېرسوناژىم رازىق مۇھەممەتنىڭ ھاياتى، ئىش - پائالىيىتى جەريانىغا باشلاپ بارىمەن. ئاددىي-ساددا، تەمكىن، جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم بىزنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىدۇ، شۇنداقلا ھەممىمىزگە ئىلھام، رىغبەت ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئاشۇ خىل ئاددىي- ساددىلىقى بىلەن ھەقىقەتنى نۇرلاندۇرۇپ، خىزمەتتىكى جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە كىشىلىك ھاياتنى تېگىشلىك مەنە تېرەنلىكىگە ئىگە قىلدى.

ھەقىقەتەنمۇ ئاددىيلىق تەركىبىدە سەمىمىيلىك بولىدۇ، سەمىمىيلىك ھەققانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، مانا بۇ كىشىگە ۋاپا، ساداقەت بەخش ئېتىپ، مەڭگۈلۈك كىشىلىك قەدىر- قىممەت يارىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ. مانا شۇنداق بولغاندىلا، ھاياتنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ھەم قىممەتلىك مىنۇتلىرى مەنىلىك مەزمۇنلار بىلەن بېزىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تاپىدۇ.

رازىق مۇھەممەت دەل ئەشۇنداق شەرەپلىك ھايات مۇساپىسى داۋامىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان پاراسەت، كەسپىي ماھارەت ئارقىلىق، كېلەچەك ئۈچۈن ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى.

# گۈلگە پۈركەنگەن سەھەر

كېچىنىڭ كۆزى ئاي، سەھەرنىڭ كۆزى چولپان، سېھرىي كۈچكە تولغان بۇ ئىككى مۆجىزات تۈن قوينىنى ئۆزىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس نۇر خەزىنىسى بىلەن تولدۇرۇپ، كائىناتقا رەڭ- جۇلا بېرىدۇ، قاراڭغۇلۇقنى بۇلۇڭغا قوغلايدۇ؛ يەر يۈزىگە تۈمەن تۈرلۈك ئېسىل «جاۋاھىرات»لارنى بەخشەندە قىلىدۇ، ئۇنىڭ خالىس تۆھپىسى بەدىلىگە مېۋىلەر رەڭ ۋە شېرىن تەمگە كىرىدۇ، گۈللەر خۇش پۇراق ۋە گۈزەللىككە تولىدۇ، بىخلار يوپۇرماققا ئايلىنىدۇ... دېمەك، سەھەردىكى تۈمەن خىل رەڭ-پۇراقلارنىڭ مەنبەسى - ئاي بىلەن يۇلتۇز، مەۋجۇداتلارنىڭ تىمەن، ساغلاملىقىنىڭ مەنبەسى - قۇياش بىلەن ساپ ھاۋادۇر.

شۇنداق، ھەر ئىشنىڭ مەنبەسى بار. قەدىمىي شەھەر قەشقەردىكى نۇرغۇن مۆجىزىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئاشۇ مۆجىزىلەر قاتارىدا شەھەرنىڭ غەربى - توققۇزاق يولىنىڭ شىمال تەرىپىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ، بوي-بەستى كۆككە تىرەلگەندەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان 10 قەۋەتلىك بىر بىنامۇ بار. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مۆجىزىلەر يوشۇرۇنغان ۋە يەنە بىھېساب ئەجىر-ئەقىدە جەم بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، سېخىيلىك ۋە ئالەمچە تەرەققىياتنىڭ مەنبەسىمۇ ئۇنىڭ قوينىدىن تارقالغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ قەشقەر شەھىرىگە قەدەم باسقان ھەربىر ئادەمنىڭ نەزەر كۆزىدە پارلايدۇ، قايسى تەرەپتىن قارىسا، گىگانت قامىتى كۆزگە تاشلىنىدۇ، تېخى ئۇكىشلەرنىڭ

ماختاش ـ تەشەككۈرلىرى بىلەنمۇ تىلدا داستان: مۇبادا سىز بىرەر زۆرۈرىيەت بىلەن، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال دەرۋازىسى بولغان ئايرودروم رايونىدىن قارىسىڭىز، ئۇ گوياكى ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك، بولۇتلار ئۇنىڭغا باش قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ؛ شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن قارىسىڭىز، قەشقەر بوستانلىقىدا جۇلالاۋاتقان مەرۋايىتتەك يالتىرايدۇ؛ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىن قارىسىڭىز، ئۇ قەشقەر بىلەن ئاتۇش «چىگرىسى» دىكى تاقىر تاغلارنىڭ ئۇستىدىن بىسىپ تۇرغان بەھەيۋەت مەۋجۇداتتەك تىكلىنىپ تۇرىدۇ؛ شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن نەزەر سالسىڭىز، ئۇ گويا مۇشۇ قەدىمىي تۇپراقنىڭ ئۇپۇققا تۇتاشقان بوستانلىقىنى بۇيۇك مۇنبەرگە سازاۋەر قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ...

10 قەۋەتلىك بۇ بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ قەشقەر بوستانلىقىغا ۋە قەدىمىي شەھەر رايونىغا نەزەر سالسىڭىز، ھەرە كۆنۈكىدەك مەھەللە-قىشلاق، ھويلا ـ ئارام، دەريا-كۆللەرنى، يول ـ رەستىلەرنى، تاۋاپگاھ-سەيلىگاھلارنى، باغۇبوستان-چىمەنلىكلەرنى كۆرىسىز. بۇ ئالتۇن دىيارنىڭ قەدىمىيلىكى يوقالمىغان سىيماسىدىن، يېڭىلىنىۋاتقان ھۆسن-جامالىدىن ھوزۇر ئېلىپ بەھرە ئالىسىز، شۇ مىنۇتلاردا قەلبىڭىزدە نۇرغۇن مۇرەككەپ خىيال پەيدا بولىدۇ. شۇ چاغدا سىز بەلكىم مۇشۇ بىباھا تۇپراق، قەدىمىي شەھەرنىڭ كېلەچىكىنى، بەختىنى تەسەۋۋۇر قىلىسىز! مۇبادا سەزگۈرلۈكىڭىز سىزنى ئاشۇ بىنانى ئاپىرىدە قىلىش يولىدىكى سەزگۈزەشتىلەر قايىنىمىغا غەرق قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، شۇ چاغدا خاتالاشمايسىز، سىز بىنانىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىگە چىققاندا، ئىختىيارسىز پەسكە قارايسىز-دە، كۆزىڭىز بىنا ئەتراپىدىكى گۈلزارلىققا چۈشىدۇ،

دەل ئاشۇ جاي بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تاڭ سەھىرىنى ئەڭ ئاۋۋال كۆتۈۋالىدۇ، كۈندىلىك ھاياتىمۇ كۆزنىڭىزنى قاماشتۇرغان ئاشۇ گۈلزارلىقتىن باشلىنىدۇ.

كۈن غەربكە پاتقاندا، ئەتراپىدىكى گۈللۈكنى 10 قەۋەتلىك بىنا سايىسى بىلەن بېسىۋالىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، كېچە لەشكەرلىرى ئالدىراپ يوپيوقىياپقاندەكتۇن قاراڭغۇسى كېلىدۇ... ئەتىسى شەرق ئۇپۇقى ئاقارغاندا تەرەپ-تەرەپلەردە سايرىغان سازەندە قۇشلارنىڭ يېقىملىق كۈي - نەغمىلىرى ھاياتلىقنىڭ شاۋقۇنىغا قېتىلىپ كېتىدۇ. كىملەردۇر چەك دۈملەنگەن غۇنچىلىرىنى ئاچىدۇ، كېرىلگىنىچە ھاۋالانغىلى گۈلزارلىققا ماڭىدۇ. تولىمۇ ساپ، گۈزەل مۇھىت ئۇلارنى قوينىغا تارتىپ، جىسمىدا يېڭىچە تۇيغۇ، جانلىنىش پەيدا قىلىدۇ، ھاياتىي كۈچ ۋە ئىزگۈلۈك بەخش ئېتىدۇ. بالدۇر ئويغانغان بالىلار مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى تالىشىپ ئوينايدۇ، بىلىمگە ھېرىسمەن ياشلار قوللىرىغا دەپتەر - قەلەم، كىتابلىرىنى ئېلىپ، دەرسلىرىنى تەكرارلايدۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلار يۈگۈرىدۇ، بالدۇر تۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان پېشقەدەملەرنىڭ بەزىلىرى سالماق قەدەم بىلەن ئالدى - ئارقىسىغا ماڭىدۇ، بەزىلىرى ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان چېنىقىش سايمانلىرى ئورنىتىلغان جايغا بېرىپ، جىسمانىيەتكە ماس تەنھەرىكەت مەشقى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھېچكىم بىكار تۇرۇشنى خالىمايدىغان يازنىڭ ھەر بىر سەھىرى مانا شۇنداق جۇشقۇن كەيپىياتتا باشلىنىدۇ، ھۆپپىدە ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر، يارىشىملىق كىيىنگەن كىشىلەر، گۈزەللىك شەيداسى جانۇ جانىۋارلار بۇ قورۇنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇپ، رىۋايەتلەردىكى ئېرەمباغدەك قىلىۋېتىدۇ. ئاشۇ مەنزىرە قوينىدا، سىز تولىمۇ

ئاددىي بىر كىشىنى، يەنى بۇ مەنزىرىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدا زېھىن - تەرىنى ئايىمىغان رازىق مۇھەممەتنىمۇ كۆرىسىز. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشىغىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، ناشتا قىلىشتىن ئاۋۋال ئورگان ئىچىدىكى يۇرۇشلۇك دەم ئېلىش، چېنىقىش ئەسلىھەلىرىگە ئىگە گۈللۈككە چىقىدۇ، قورۇ ئىچىنى تەكشى ئايلىنىدۇ، ئەسلىھەلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ، نېمىلەرنىڭدۇر دېرىكىنى قىلىدۇ، دەرۋازىدىكى دىجورنىلىك ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن، گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ يەڭگىل يۈگۈرەيدۇ، تەنھەرىكەت ئەسلىھەلىرىدە بەدەن چېنىقتۇرىدۇ... بۇ ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغان، شۇڭا كاماندىروپكىغا چىققان چاغلاردا قورۇ گۈللۈكىنى تولىمۇ سېغىنىدۇ. بۇنداق سېغىنىش ئۇنىڭغىلا تالىق ئەمەس، باشقا خادىملارمۇ بىر كۈن ئايرىلىشقا قىيالمايدۇ، ئۆزلىرى باشقا جايدا بولغاندا، رازىق مۇھەممەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ پېشقەدەم خىزمەتچىلەرنىڭ قەلبىدە بۇنداق تۇيغۇ ھەمىشە زاھىر بولۇپ تۇرىدۇ. رازىق مۇھەممەت كۆرۈنمەي قالغان سەھەرلەردە، ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ سالاملاشقىنىنى، ئامان - ئېسەنلىك سورىغىنىنى، كىبىر-تەمەنناسىز سەمىمىيىتى ۋە قىزغىن مۇئامىلىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

- ئىلگىرى خىزمەت بىناسى ياكى ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن چىقساق يەنە بىناغا دۈچ كېلەتتۇق، ئېغىز-بۇرنىمىزنى بىركىم تۇتۇۋالغاندەك بوغۇلاتتۇق، ئىچىمىز سىقىلاتتى، - دەيدۇ ئۇلار گۈللۈكتە مۆڭدىشىپ ئولتۇرغان چاغلاردا، - ئۇنىڭ ئۈستىگە تار ئۆيلەر دېسىلە... شۇ مەزگىللەردىكى رەھبەرلەر ئىشلەشنىلا بىلىپ، تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە

سەل قارىغانىدى. مانا ھازىر جەننەتنىڭ پەيزىنى سۈرگەندەك بولۇۋاتىمىز.

— ئىش دېگەن پاراسەتكە باغلىق، — دەيتتى يەنە بىرسى قۇۋۋەتلەپ، — ئىلگىرىكى رەھبەرلىرىمىزمۇ ياخشى ئىدى، جان-جەھلى بىلەن ئىشلەيتتى، بىراق كۆزىنىڭ ئالدىنى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرگەن، يىراققا نەزەر سالمىغان، جۈرئەت قىلسا، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، ئىلگىرىكىلەر ھازىرقىلارغا ئۇل سېلىپ بەرگەن، ھازىرقىلار ئۇلاردىن ساۋاق ئېلىپ، ئىلگىرىلەش يولىنى ئاچتى...

— ھەر نېمە دەيمىز، ھەر كىم ئۆز بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ، ئۇ چاغلاردا جاھان شۇنداق ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭغا ئوخشمايدۇ، باشلىقلىرىمىز شارائىتقا بېقىپ ئىش قىلىشنى، پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلدى. شۇ سەۋەبتىن مەركىزىي تارماق بانكىمىزنىڭ قەشقەردىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت تەۋەسىدە داڭقى چىقتى، «ئاتىقى يوق ئەردىن، خەشىكى يوق دۆڭ ياخشى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ نامغا لايىق شارائىتىمىزمۇ بار بولدى...

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى بۇ مەركىزىي تارماق بانكا قەشقەر شەھىرىدىكى قۇمدەرۋازا كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى تەۋەسىدە بولۇپ، نەچچە ئون يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئورنى بىرقەدەر كىچىك، قۇرۇلۇش كۆلىمى ئاز، ئولتۇراق ئۆيلەر تار، شارائىتى ناچار ئىدى، بىر-بىرىگە يۆلەپ دېگۈدەك سېلىنغان ئۈچ بىنادا 100 نەچچە نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ئولتۇراتتى. تۆت قەۋەتلىك خىزمەت بىناسىدىكى ئىشخانىلاردا خىزمەتچىلەر قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەيتتى...

1999-يىلى رازىق مۇھەممەت بانكىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغاندا، تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرغان

ئىشمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاساسلىق زېھنىنى بۇ ئىشقا قارىتىپ، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلاندى ھەمدە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇش چارىلىرىنى يولغا قويدى، باشقا جايلاردىن ئولتۇراق ئۆي ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇ، ئىشچى -خىزمەتچىلەرگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. بازار ئىگىلىكى ۋە پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىياتى بانكىنىڭ ئوبراز قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن بېسىم ئېلىپ كەلدى، شۇنداقتىمۇ بانكا ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، خىزمەتتە تېجەشلىك بولۇپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بار شارائىتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، تەرەققىيات، مۇقىملىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنى مەبلەغ ياردىمى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئومۇمىي نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەمىشە سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

رازىق مۇھەممەت نۆۋەتتىكى مىكرو ئېلېكترون دەۋرىنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىگە كەلتۈرگەن كۈچلۈك بېسىمى ۋە خىرىسى ئالدىدا تىرىشىپ شەرت - شارائىتنى ياخشىلاپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۈرتكىلىك رولىغا سەل قارىمىدى. ئۇ 2000-يىلى بانكا پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بانكا باشلىقى بولغاندىن كېيىن، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرگە تەكلىپ بېرىپ، شەرت - شارائىتنى ياخشىلاشنىڭ بىر قاتار پىلان - تەدبىرلىرىنى تۈزۈش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ پىكرى بىردەك قوللاشقا ئېرىشىپ، بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا لايىھە تۈزۈلدى، كونكرېت

پىلان مۇناسىۋەتلىك تارماق، ئورگانلارغا يوللاندى، ئاندىن ئۇ، قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشتىن تارتىپ تاكى قۇرۇلۇشقا ئىش باشلىغۇچە بولغان ھەربىر ھالقىدا ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلەپ، چېرتيوژنى تەستىقلىتىش، مەبلەغ ھەل قىلىش، قۇرۇلۇشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقىچە بولغان كۆپ قاتلاملىق خىزمەتتە ئىش قوشۇپ ئىشلىدى. مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇمچى، شىئەن شۆبە بانكا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مەسلىھەت سورىدى، يولىيورۇق ئالدى. ئەمما ئۇ، قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىشتا بولسۇن، قۇرۇلۇشنى قىلدۇرۇشتا بولسۇن، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، خىزمەت ئىستىلىدىكى پاكلىقنى نامايان قىلدى، ئەمما نازارەت قىلىش، سۈپەت تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئىچىنىڭ قانچىلىك تىت - تىت بولغانلىقىنى، قانچىلىك ئالدىراش بولۇپ كەتكىنىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن تۈنلەر، ئارامسىز كۈنلەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنداق ھايات ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردىكى تۇرمۇشىدا كەينى - كەينىدىن تەكرارلاندى. 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان خىزمەت بىناسى قۇرۇلۇشى ۋە 132 يۈرۈش ئۈچ كورپۇس ئائىلىلىكلەر بىناسى 2001-يىلى ۋە 2002-يىلى ئارقا-ئارقىدىن پۈتتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر 100 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كۆلەمگە ئىگە ئازادە ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى ۋە ئايرىم-ئايرىم، ئازادە، يورۇق، ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشكەن ئىشخانىلاردا ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇلار ئازادە ئۆيلەردە پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ راھەتلەنگەندە، كەڭ-كۇشادە ئىشخانىلاردا خاتىرجەم خىزمەت بېجىرگەندە، بىر خىل ئازادىلىك سېزىپ، كۆڭلى يورۇدى، دىلى سۆيۈندى، قەلبىدە شادلىق جىلۋە قىلدى. ئۇلارنىڭ راستىنلا ھاردۇقى چىقتى. ھەر بىنانىڭ ئالدى-ئارقىسىدىكى باغچا شەكلىدىكى گۈلزارلىق ئۇلارغا جەننەت

ھۇزۇرى بەخش ئەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى بەھرىلىنىدىغان بۇ باغلارنى، گۈلزارلىقنى تۇجۇپىلەپ پەرۋىشلىدى. بوش جايلارغا تۈرلۈك تەنتەربىيە سايمانلىرى، كۆكتۆل ئېچىش ئەسلىھەلىرى بېكىتىلدى.

مايمۇن يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە قورۇدىكى مېۋىلىك كۆچەتلەر غۇچچىدە چېچەكلەپ مېۋىلىدى. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بۆلەكچىلا خۇشال قىلىۋەتتى. ھەممىدىن بەكرەك خۇشال بولغىنى يەنىلا رازىق مۇھەممەت ئىدى. ئۇ باغۋەنلەر ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاغزىدىن گىلاس قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ قىزىرىشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق سۆيۈندى !

- بەك ياخشى بوپتۇ !- دېدى ئۇ،- بۇ يىلقى مېۋىلەر تولۇق پىشقاندا، ئاندىن ئېغىز تەگكۈزەيلى، يەنە بىر قانچە يىلدا ھەممە كۆچەتلىرىمىز بولاققا كىرسە، جاپا تارتقاننىڭ راھىتىنى كۆرىمىز...

رازىق مۇھەممەتنىڭ نۇرغۇن ئەجرى بۇ يەرگە سىڭگەچكە، ئۇمىدىمۇ بىر-بىرلەپ ئىشقا ئاشتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە قورۇدىكى باغچىغا چىققاندا، خىزمەتداش، ھەقەمسايىلىرى بىلەن باغچىنى ئايلانغاندا، ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل مەمنۇنلۇق چۇلغايدۇ، گۈلزارلىق ھۇزۇرىنى سۇرۇپ ئۆتكەن دەقىقىلەر ئۇنى نۇرغۇن ئىشلاردىن يىراق قىلىدۇ. ئۆزى ھەققىدە ھەر قېتىم ئويلىغاندا، نۇرغۇن مۇساپە ئۇنىڭ كۆكتۆل ئېكراندىن ئۆتىدۇ، راستىنى دېگەندە، ئۇ مۇشۇ بىر قانچە يىللىق ھاياتىدا نۇرغۇن مۇشكۈلاتنى يېڭىپ، قەدەم ئىزىنى گۈللەرگە پۈركۈدى. بۇلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۇششاق ئىشلارمۇ بار. ئەمەلىيەتتە دەل ئاشۇلار ئۇنىڭ خىزمەت، ھايات پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولسىمۇ، ئەجىر دەپتىرىگە يېزىلغىنى بەك ئاز. ئۇ زادىلا تۆر تالاشمىدى، بەلكى ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ باھالىشىغا، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئۆزىگە

تاپشۇرغان مەجبۇرىيەتنىڭ ئادا قىلىنىش دەرىجىسىگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىشقا تاشلاپ قويدى. ئىدىيىۋى ھاسىلاتنىڭ ماددىي ھاسىلات بولۇپ شەكىللىنىشى ئۇنىڭ ئەجىر-تۆھپىلىرىنى روياپقا چىقىرىپ، كىشىلەرگە يەتكۈزگەن شاپائىتىنى، خالىس كۆيۈمىنى نامايان قىلدى، بۇ ناماياندە دەل بايىقى ئەسلىھەلەر بولۇپ، مەدھىيىلەرنىڭ مەركىزىي تېمىسى ھەمىشە ئۇنىڭ تەرىپ-تەۋسىپىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىغا مەنە قوشقان يەنە بىر تاشقى ئامىل ئىدى...

رازىق مۇھەممەت ھەر كۈنى ئەتىگەندە خىزمەتكە ماڭىدىغاندا، خەلق بانكىسىنىڭ فورمىسىنى كىيىۋېتىپ جىددىيلىشىدۇ، ئاشۇ ئېگىز بىنا كۆزىگە تاشلىنىشى بىلەنلا ئۆز زىممىسىدىكى خىزمەت بېسىمىنىڭ ئاشۇ بىنادىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى سېزىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەتىگەنلىك گىمناستىكا پائالىيىتى گۈلزارلىقنى بىردەملىككە تىنچلاندۇرىدۇ. گۈلگە پۈركەنگەن سەھەر ئۆزىنىڭ شۇ كۈنلۈك ھاردۇقىنى چىقىرىش، ئەتىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلايدۇ. ھايات ئەنە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشچۇ؟ ئۇمۇ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە داۋاملىشىدۇ، كۆرۈنۈشتە تەكرارلىنىۋاتقاندەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەر كۈنى بىر يېڭىلىقتا، ئىجاد ۋە مۆجىزىگە تولىدۇ. مانا بۇ ھال كىشىلەرنى مەڭگۈ تىنىم تاپتۇرمايدۇ.

ئەنە قاراڭ، كۆز ئالدىڭىزدىكى ئېگىز بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدىكى دولقۇنسىمان ھەيۋەتلىك پەلەمپەي ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قولىنى كۆرۈنمەس رىشتە بىلەن تارتىپ ئۈستىگە قەدەم ئېلىشقا يېتەكلەۋاتىدۇ. ئاشۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى رازىق مۇھەممەتمۇ قەدىمىنى تېز-تېز يۆتكەپ، ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتىدۇ...

# ھايات ئاددىي، تۇرمۇش مۇرەككەپ

تېلېفون يېقىملىق جىرىڭلىدى، تەقەززالىق ئىچىدە قىزىنىڭ تېلېفون قىلىشىنى ساقلاۋاتقان ئادىلجاننىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ قىزىنىڭ ئۈرۈمچىگە چۈشۈش ۋاقتىنى ھېسابلاپ ئولتۇرغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قىزىم!

— دادا، بىز سالامەت يېتىپ كەلدۇق، ياتاققىمۇ ئورۇنلىشىپ بولدۇق. سەپەر جەريانىدا قىيىنچىلىق تارتمىدۇق، رازىق ھاجى دادام خويمۇ ياخشى ئادەم ئىكەن، ئۇ بىزگە ھەممە جەھەتتىن ياردەم قىلدى...

— ئوبدان بوپتۇ، مەن خاتىرجەم بولدۇم. پات - پات تېلېفون قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار... مەن بەك ئەنسىرەيدىكەنمەن!...

— خاتىرجەم بولغىن، دادا، چوقۇم دېگىنىڭدەك قىلىمىز. رازىق ھاجى دادامغا رەھمەت ئېيتىپ قويغىن! ئايروپىلان كۆتۈش ئۆيىدە سەن بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، رازىق ھاجى دادام مېنىڭ ھارۋامنى ئىتتەردى، سۆرىدى، كۆتۈردى، ئايروپىلاندىن يۇدۇپ پەسكە ئېلىپ چۈشتى. بىز بۇنچە قىلىپ كەتمەسلىكنى ئېيتساق، ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى! قارىسام، رازىق ھاجى دادامنىڭ كۆڭلى بەك ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭ ئاددىي-ساددا مىجەزى ۋە سەمىمىيلىكىدىن كۆڭلۈم يورۇپ، كېسىلىم بىردىنلا ساقىيىپ قالغاندەك بولدۇم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ساۋاقلارنى دەپ بەردى، ھە دېگەندە ئىلھاملاندۇرۇپ، قاتتىق ھاياجانغا

سېلىۋەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ جەرياندىكى ئىشلىرىدىن بەكمۇ تەسىرلەندىم...

- شۇنداق، قىزىم، ئۇ بەك ئېسىل ئادەم! . . .

ئادىلجان يېڭىۋاشتىن ئويلىنىپ قالدى، قانداقتۇر بىر خىل ئىچكى ھېسسىيات، چوڭقۇر تەشەككۇر قەلبىنى چۇلغىدى. ئادىلجان بىر ئاددىي خىزمەتچى، خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەيدۇ، تۇرمۇشىمۇ پاراۋان، بىراق ئائىلىسىدە بىر كۆڭۈلسىز ئىش بار: قىزى تۆت ياشقا كىرگەندە بېلىق قاسىرىقى خاراكتېرلىك تېرە يىگىلەش كېسىلى بىلەن مېيىپ بولۇپ قالغان. مانا شۇنىڭدىن بۇيانقى 12 يىلدا ئادىلجاننىڭ يېگەن-ئىچكىنى ئاش، ماڭغان-تۇرغىنى يول بولماي كەلدى، كۆڭلىرى بىسەرەمجانلىق ئىچىدە ئۆتتى. بۇنىڭغا چىدىمىسا بولمايتتى. ھەر قېتىم بالىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، داۋالىتىدىغان چاغدا، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئازابى ئاشاتتى، ئىقتىسادىي بېسىمى ئېغىرلايتتى. شۇنداقتىمۇ ھەر قانداق ئەھۋالدا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بالىنىڭ ئازابىنى ئازايتىش، ئائىلىسىنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. قېرىشقاندەك بۇ ئىشلارنىڭ ئايىغى چىقمايۋاتاتتى. ئامال قانچە؟ ئۇلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بەرداشلىق بېرىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشتىن باش تارتمىدى. بۇلارنىڭ دەردىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرىدىغان رازىق مۇھەممەت ھەمىشە ئادىلجانغا تەسەللى بېرەتتى. ھەر قېتىملىق تەسەللى ئادىلجاننى ئۈمىد، ئىشەنچكە ئىگە قىلىپ، ئازابلىق قەلبىنى ئىللىتاتتى، كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى يېشىپ، بۇرۇقتۇرمىلىقنى تۈگىتەتتى. ئۇ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەندە، ھېيت-بايراملاردا رازىق مۇھەممەت ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كىرىپ، ئاغرىق قىزىنى يوقلاپ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاش، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش روھىغا مەدەت بېرەتتى. پۇرسەت بولسىلا، ھەر خىل كىتاب، قىزىقارلىق ئويۇنچۇق، يېمەكلىك

قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلىپ، كېسەللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ئىلھام بېغىشلايتتى.

ئادىلجان ئەر-خوتۇن ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى رازىق مۇھەممەتنىڭ بۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىكىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ، نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالاتتى...

2004-يىل 2-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈندىكى بۇ ئىش بۇ ئائىلىگە يەنە بىر ئۇنتۇلماس ئەسلىمە بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى بېيجىڭغا كېسەلنى داۋالاتقىلى ئېلىپ مېڭىلغان ئادىلجاننىڭ قىزى كۈتمىگەن يەردىن رازىق مۇھەممەت بىلەن بىر ئايروپىلانغا چىقتى. تېخى ئالدىنقى كۈنى كەچتە پۇل ۋە بىر قىسىم نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىپ كىرىپ، قىزچاقنى ئۇزىتىپ قويغانىدى. كۈتمىگەندە رازىق مۇھەممەت بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىپ قېلىش قىزچاقنى قەۋەتلا خوش قىلىۋەتتى: رازىق مۇھەممەت يول بويى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئېغىرىنى كۆتۈردى، كۆرگەن-بىلگەنلىرىدىن قىزچاققا ھېكايە سۆزلەپ، نەسىھەت قىلىپ، تەسەللى بەردى. بۇنىڭ بىلەن روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەن قىزنىڭ قەلبىدە ھاياتقا بولغان ياشاش قىزغىنلىقى، كېسەلنى ساقايتىش ئىشەنچىسى قايتىدىن يالقۇنلىدى...

ئادىلجان قىزىنىڭ تېلېفوندا ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا ياش تۆكتى، ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى ئۇتۇق، نەتىجىلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، بەزى ئىشلارنىڭ دېگەندەك ياخشى بولمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا كۆڭلىدە بىر خىل خىجىللىقنى سەزدى، بىر رەھبەرنىڭ قول ئاستىدىكى خادىمدىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت، كىشىلىك مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن خالىس كۆيۈمچانلىق تەقدىم قىلىشىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى زەررىچە ھارارەتنىمۇ ئايانماي باشقىلارغا بېغىشلاۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس

قىلدى. بۇ ئادىلجاننىڭ قەلبىدە كۈچلۈك مەسئۇلىيەت، ئالغا ئىنتىلىش گۈلخانلىرىنى ياندۇردى. شۇنچە يىلدىن بۇيان رازىق مۇھەممەت باشقىلار ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بولسىمۇ، پەقەت مىننەت قىلمىدى، بەلكى ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئادىلجاننى ئالساق، رازىق مۇھەممەت ئۇنىڭ بىلەن مەيلى تۇرمۇشتا بولسۇن، مەيلى خىزمەتتە بولسۇن، پۇرسەت بولسىلا مۇڭدىشىپ-سىردىشىپ، نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى بىلىپ تۇردى. ئەمما، ئادىلجان رازىق مۇھەممەت ئۈچۈن ھېچقانداق نەپ يەتكۈزمىدى، سوۋغا-سالام بەرمىدى. ئادەمگەرچىلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇمۇ پۇرسەت چىقىرىپ، شاپائەتچىسىگە جاۋاب ياندۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە رازىق مۇھەممەت ئۇنىڭغا داۋاملىق ياخشىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئادىلجان چوڭقۇر ئويغا پېتىپ، ھەرقانداق ئىشتىن كۆرە، پەقەت ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى، كەسپىي خىزمەتنى جان-دىل بىلەن ئورۇنداپ، نەتىجە قازانسا رازىق مۇھەممەتنىڭ خۇش بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. رازىق مۇھەممەتنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. رازىق مۇھەممەت ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچى قائىدە - تەرتىپ بويىچە ئىشلەپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ خىزمىتىنى سەمىمىي قوللاپ، ئۆز زىممىسىدىكى بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلسا كۇپايە دەپ قارايتتى، ئۇنىڭ ئادىلجاندىن كۈتىدىغىنىمۇ شۇ بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىدىيىسى ئىدى.

ئادەم ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە بىر يېڭى ئىشقا دۇچ كېلىدۇ، بۇنىڭ نۇرغۇنلىرىنى قىلىشقا، نۇرغۇنلىرىنى قولاق يوپۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا قىيىنلىق بىلەن ئاسانلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما، ئۆز كەسپىنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن، ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە

بارلىق مۇھەببىتىنى ئاتىغان ئادەملەرگە ھەر قانداق ئىش قىيىن تۇيۇلمايدۇ. ھەر قانداق بىر باشلىققا نىسبەتەن خىزمەت داۋامىدا يولۇققان ھەر بىر ئىشقا ئىنچىكە قاراش، توغرا مۇئامىلىدە بولۇشمۇ بىر خىل رەھبەرلىك سەنئىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مەسئۇلىيەتچانلىق پىسخىكىسىنى رازىق مۇھەممەت ئۆزىنىڭ بىر خىل خاراكتېرىگە ئايلاندۇرغان. بۇمۇ ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئاددىي-ساددا ياشاش، بارلىقىنى خەلققە ئاتاش روھىنى جارى قىلدۇرۇشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن.

رازىق مۇھەممەتنىڭ گېپى چىقسىلا، خۇشۇدۇڭ ھەممىدىن بەك ھاياجانلىنىپ سۆزلەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىراتى ۋە بىۋاسىتە سەرگۈزەشتىسى بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك تارماق بانكىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدا 40 نەچچە يىل جاپالىق ئىشلەپ، پېنسىيىگە چىققان ھەمدە مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تەشكىلگە ھېچقانداق شەرت قويمىغانىدى. رازىق مۇھەممەت ھەر قېتىم ناھىيىگە خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارغاندا، ئۇنىڭدىن ھال سوراپ، تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ غېمىنى يېدى. ئەينى چاغدا خۇشۇدۇڭ پېنسىيىگە چىقىشقا تەستىقلانغاندا، رازىق مۇھەممەت ئۇنىڭ رەسمىيىتىنى ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىغا يۆتكەش تەكلىپىنى بەردى، ئەمما بۇ گەپ تولىمۇ تاساددىپىي ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن، خۇشۇدۇڭ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭمۇ بۇرۇنلا قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش خىيالى بولسىمۇ، بىراق بۇنى ئېغىزدىن چىقىرالماي كەلگەنىدى.

— مېنىڭ مىڭ مەرتە شۇنداق قىلغۇم بار ئىدى، — دېدى خۇشۇدۇڭ تەسىرلىنىپ، — بىراق سىلەرنى يەنە ئاۋارە قىلسام بولمايدۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسىغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت!...

- بۇ گەپنى كۆڭۈل ياساپ دەۋاتقىنىم يوق، راست ئېيتىۋاتىمەن، تەشكىلگە ئىشىنىڭ، - دېدى رازىق مۇھەممەت قەتئىي تۇردە، - سىز بانكىنىڭ تەرەققىياتى، رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ياخشى كادىر. جاپالىق جايلاردا بىر ئۆمۈر تەر ئاققۇزۇپ، ياشلىق باھارىڭىزنى چېگرا رايونغا تەقدىم قىلدىڭىز. ئەمدى شارائىتى ياخشى بولغان تۇرمۇش مۇھىتىدا خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولمىسىڭىز بولمايدۇ... بۇنچىلىك ئىشنى قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، پارتىيە ماڭا تاپشۇرغان بىر تۇرلۇك مۇھىم خىزمەت. سىلەر پېشقەدەملەر خاتىرجەم بولساڭلار، مەن ۋە بانكا رەھبەرلىكى، شۇنداقلا ئىشچى-خىزمەتچىلەر خاتىرجەم خىزمەت قىلالايمىز... چۈنكى، پېشقەدەم كادىرلار بىزنىڭ بۇگۇنىمىزنى يارىتىپ بەرگەن، بىز بۇنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ. سىلەرنىڭ بۇگۇنڭلار بىزنىڭ ئەتىمىز بولۇپ قالىدۇ. ھازىر باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلساق، كېيىن بىزگىمۇ غەمخورلۇق قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويساق بولمايدۇ...

شۇنداق قىلىپ، خۇشۇدۇڭنىڭ ئىشى ھەل بولدى. ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدىن يەنە بىر قېتىم بەھرىمەن بولۇپ، قەلبى ياشاردى...

يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، رازىق مۇھەممەت ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قىلدى، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنى پات-پات يوقلاپ تۇردى. ئۆزى بارالمىسا، ئادەم ئەۋەتىپ، تېلېفون بېرىپ ھال سورىدى. ھېيت-بايراملاردا ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئالايىتەن يوقلىدى، ھال سوراش بۇيۇملىرى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۇنىگە ئاتاپ گۇل ۋە تورت قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى. بۇ جەھەتتە بانكا

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. كېسەل بولۇپ قالغانلارنىڭ داۋالىنىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە يوقلاشنى دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇردى. ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى.

بۇ قارىماققا بەك ئۇششاق ئىشلار جۈملىسىگە كىرسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگىنى ساپ قەلب، چىن ئەقىدە ئىدى. ئادەم مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئەنە شۇنداق كىچىك ئىشلارنىڭ يىغىندىسى بىلەن تۇرمۇشقا يېقىنلىشالايدۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەربىر ئۆتكىلىنى بېسىشقا ئاساس سېلىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. كىشىلىك قەدىر-قىممەتنىڭ دەرىجىسىمۇ ئاشۇنداق كىچىك ئىشلارنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. كىچىك ئىش نەزەردىن ساقىت قىلىنغاندا ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىمۇ تەبىئىي تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، چۈنكى كىچىككىنە بىر ئىشمۇ بەزىدە ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى، ئوبرازىنى يەرگە ئۇرۇپ، سەلبىيلىك پاتقىقىغا پاتۇرىدۇ. گەرچە رازىق مۇھەممەت بىر تالاي ياخشى ئىشلارنى مۇشۇ خىل نۇقتىدىن چىقىپ قىلمىغان بولسىمۇ، توڭغانلارغا كۆمۈر، ئۇسسۇزلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بەرگەندەك، ھەربىر ئىشى كىشىلەر قەلبىگەيېقىپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ ئېرىشكەن تەشەككۈر ۋە قايىللىق بىر ياكى بىرنەچچە ئادەم بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس، ئۇ بۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى قاچان، قەيەردە ئۇچراتسا دەرھال بەجا كەلتۈردى، يەنە كېلىپ ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇردى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھىنى باھار ئاپتىپىغا، كۆڭۈل-كۆكسىنى ئەزىم دەرياغا ئوخشاتتى. ئاددىي ھايات قايىنىمىدىكى مۇرەككەپ تۇرمۇش مۇھىتى ئۇنى ھەر قەدەمدە نۇسرەت پەرلىرى بىلەن پەپىلىدى.

# بىلىم نەدە بولسا سوراپ ئال

كونىلار «سورا - سورا بىلىم ئاپتۇ، ئۇيىلا - ئۇيىلا كىيىن قاپتۇ»، «سورىغان يولدىن ئازماس» دەپ ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتقان. ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدىمىدە ئۇتۇق قازانغان دانىشمەنلىرىمىز بۇنى ھېكمەت بىلىپ، ئىشلىرىدا دەستەك قىلىپ، ھاياتىنىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى يېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىگە چىققان. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئارتۇقچىلىقى شۇكى، بىلىمسە تارتىنماي سورىغان، بىلگىنىنى ئايانماي باشقىلارغا ئۆگەتكەن، يەنە بىلىم نەدە بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ ئېرىنمەي ئۆگىنىپ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرغان… ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تويۇنۇشى ئۆتكەن زامان كىشىلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، شۇ ۋەجىدىن ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەزىرى ھەقىقەتەن ئۇستۇن، ھوقۇقى بار بىر قىسىم كىشىلەر تەكەببۇرلۇقى، مەمەدانلىقى تۈپەيلىدىن ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھوقۇقىدىن ئايرىلسىلا سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتىنمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى دەۋرنىڭ، زامانىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەشكە قۇربى يەتمەي، ئىستاژىنى دەستەك قىلىپ، باشقىلارنىڭ مەسخىرە - كۈلكىسىنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا بىلىم - ساپانىڭ يوقلۇقىنىڭ ئىپادىسى. زامانغا مۇناسىپ بولمىغان بۇنداق ئادىمىيلىك شۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى

ئاشكارىلاپ، بىلىمسىزلىكى ۋە ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

رازىق مۇھەممەتتە ئازراقمۇ كىبىر-تەمەننا يوق، ئۇ ھوقۇقىنى ۋە بىلىمىنى پەش قىلىشتىن يىراق، ھەر دائىم بىلىمنى دوست تۇتۇپ، بىلىم نەدە بولسا، ئىزدەپ-سوراپ ئۆگىنىشتىن ئايانمىدى؛ ھەر كۈنى يېڭىلىنىۋاتقان دەۋرگە ماس قەدەم بىلەن يېتىشىپ مېڭىش ئۈچۈن، بۈگۈننى بۈگۈننىڭ، ئەتىنى ئەتىنىڭ، ئۆگۈننى ئۆگۈننىڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللىنىشنى توختىتىپ قويمىدى. مەيلى ئەينى يىللاردا بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، ئۇنى ئۆز خىزمىتىدە ھەقىقىي كەسىپ ئەھلى دېيىشكە ھەقلىقمىز! ئۇ تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان مەزگىللەردىلا بانكا كەسپىي ساھەسىگە قەدەم قويغان ۋە كەسپىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قەدەر بېرىلىپ ئۆگەنگەن، كەسپنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈشتە تەڭتۇشلىرى ۋە كەسپداشلىرىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلانغان. ئۇ شۇنچە يىللاردىن بۇيان قەدەممۇقەدەم ئالغا ئىلگىرىلەشنى بۇرچۇم دەپ قارىغان. پۇل مۇئامىلە ھېساباتى ۋە قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنىڭ ھەممە قەدەم باسقۇچلىرىنى بىرمۇبىر ئىگىلىگەن، باشقۇرۇش ساھەسىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ كەسپكە دائىر بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە پەيدىنپەي يېڭىلاپ، قابىل يېتەكچىگە ئايلانغان.

ئەينى يىللاردا رازىق مۇھەممەت خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى، ئۇزاق يىل يېزا ئاساسىي قاتلامدا ئىشلىگەنلىكتىن، تىل تاۋۇشلىرىمۇ تۇراقلىشىپ قالغانىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن كېيىن ئۇ خەنزۇ يولداشلار بىلەن ئارىلىشىپ ئىشلىدى، بۇ مەزگىللەردە يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ئاساسلىق ھۆججەت-ماتېرىياللىرى خەنزۇ

تىل-يېزىقىدا كېلەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا چوڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. بۇ چاغدا ئۇ قىلچە بەل قويۇۋەتمەي: «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە»، دەيدىغان روھ بىلەن خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى. ئازراق بوش ۋاقىت تاپسىلا خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنى، مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى... كۈن، ئاي، يىللار ئۆتتى، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ باردى. 1997-يىلىغا كەلگەندە، ئۇ بىر قولىدا خىزمەتنى، بىر قولىدا تىل ئۆگىنىشنى تۇتتى، ھەر كۈنى كەچتە ئىشخانىسىدا ۋە ئۆيىدە يېرىم كېچىگىچە خەنزۇچە ئۆگىنىش، مەشىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەتمۇخەت، سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە مەشىق قىلدى، بىلمىسە لۇغەتلەرنى ۋاراقلىدى، رادىئو ئاڭلاپ تەلەپپۇزنى توغرىلىدى. خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان ئۇيغۇر ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ئېرىنمەي سورىدى، ھەربىر خام خەتنىڭ تاۋۇشلىرىنى تەكرار-تەكرار ئوقۇدى، يادقا ئالدى... «سورىغان ئاشار، سورىمىغان قالار» دېگەندەك، قاچاندا كامانىدىروپكىغا چىقسا، خەنزۇ خىزمەتداشلىرىدىن سوراشتىن ئېرىنمىدى، ھەتتا شوپۇرنى ئۇستاز تۇتۇپ، يول بويى ئۇنىڭدىن خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، ئىشلىتىلىش ئورنى قاتارلىقلارنى ئىگىلىدى، قېتىرقىنىپ مەشىق قىلدى.

رازىق مۇھەممەت قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەننىڭ تۇنجى مېۋىسىنى 1998-يىلىنىڭ بېشىدا كۆردى. شۇ چاغدا ئۇ، شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان خەلق بانكىسى سىستېمىسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى، يىغىندا تۇنجى بولۇپ خەنزۇ تىلىدا سۆز قىلىشقا توغرا كەلدى، ئۇنى بىر خىل سۈر ۋە جىددىيلىك ئىلكىگە ئالدى. ئەمما، ئۇ جۈرئەتلىك بولۇپ بۇ ئۆتكەلدىن

غەلىبىلىك ئۆتۈش قارارىغا كەلدى-دە، سۆزلىمەكچى بولغان سۆز تېكىستىنى ئاخشىمى ياتىقىدا تەكرار مەشىق قىلدى ھەمدە يەنە يىغىنغا بىللە ئېلىپ بارغان بانكا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرىغا 25 قېتىم ئۇنلۇك ئوقۇپ بېرىپ، قېيىن ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشنىڭ ئۇلىنى ھازىرلىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ خەنزۇچە خەت ھېسابىدىكى 4000 خەتلىك سۆز تېكىستىنى ھېچبىر دۇدۇقلىماي ئوقۇپ تاماملىغاندا، يىغىن زالى گۈلدۇراس ئالقىش ساداسىغا تولدى، ئۇزاققىچە چېلىنغان چاۋاك ئاۋازىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى كۆرگەندەك بولدى، پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرى سىڭىپ، قەلبىدە ئالەمچە ئۇمىدۋارلىق تۇغۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆرمەت-ئابرۇيى يەنە بىر بالداق ئۆستى. ئاشۇ چاغدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ھاياجان تۇرتكىسىدە نەچچە يىللىق ھاردۇقى بىراقلا چىقىپ، قىيىنچىلىق ۋە جىددىيچىلىك ئىچىدىكى ئارامسىزلىق پەيدا قىلغان بېسىملىرىنى يېنىكلەتتى؛ بىلىم ئېلىش يولىدىكى گۈزەل ئىستەكلەر ئۇنى يەنىمۇ كەڭ مەيدان ۋە ئىستىقبال قىرغاقلىرىغا باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىشى تۇنجى غەلىبىسىنىڭ ئىلھامىدىن ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ خەنزۇ يولداشلاردىن سوراپ بىلىۋالغانلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا ئېرىنمەي ئۆگەتتى، بۇ جەھەتتە، ئۇ خەنزۇ ئۇستازلىرىغا قانچىلىك تەشەككۇر ياغدۇرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ، ئۇ قەلب تۆرىدە ئۇلارغا بولغان تەشەككۇرنى ئىنچىل ساقلاپ، كۆڭۈل گۈلزارىنىڭ يېڭى بىر گۈلى سۈپىتىدە پەرۋىشلەپ كەلدى.

رازىق مۇھەممەت زامانىنىڭ تەرەققىياتى، كەسپىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى ھەربىر ھالقىغا دىققىتىنى ئاغدۇرۇپ، قانداق يېڭى تۈر بارلىققا كەلسە، ئۇنى باشلامچىلىق بىلەن قوبۇل

قىلىپ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى، سۈپىتىنى ئۆستۈردى. شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، بارلىققا كەلگەن ھەربىر يېڭى بىلىمنى، تېخنىكىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. ئالايلۇق، كومپيۇتېر مەشغۇلاتى يولغا قويۇلغاندا، ئاساسلىق سىستېمىلىرىنى ئالدى بىلەن ئىگىلىدى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇنىڭغا دائىر ئىشلار بەك كۆپ.

1990- يىلىدىن كېيىن، كومپيۇتېر ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىگە كىرىشى ئىنتايىن تېز بولدى ۋە تېزدىن ئومۇملاشتى. رازىق مۇھەممەت بانكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى-لەرنىڭ بۇ خىل ۋەزىيەت تەقەززاسىغا ماسلىشىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ بىر قاتار يېڭى تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. بانكىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا، ئومۇمىيۈزلۈك خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش تەلىپىنى قويۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى، 2000-يىلىدىن كېيىن، «ئۇچۇر تىلى» ۋە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا تىلىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىنگلىز تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغىدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولدى.

رازىق مۇھەممەت ھازىر خەنزۇ تىلىدا بىمالال يازالايدىغان، پۇل مۇئامىلە قائىدە - قانۇن، نىزاملىرىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان، تۈرلۈك ھۆججەت، كەسپىي ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلدۇرماي بىۋاستە كۆرۈپ بىر تەرەپ قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى، ئۇنىڭ خەنزۇ يولداشلار يازغان كەسپىي خىزمەت دوكلاتلىرىنى شۇقەدەر جايىدا، جانلىق تۈزەتكەنلىكىدىن ھەممەيلەن مەمنۇن بولىدۇ، نۇرغۇن خەنزۇ يولداشلار ئۇنىڭ بۇ

جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا ھەيران قالىدۇ ھەمدە قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.

پويىزنىڭ تېز مېڭىشى پۈتۈنلەي پاراۋۇزنىڭ سۆرىشىگە باغلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، رازىق مۇھەممەتنىڭ پائال يېتەكلىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى خەنزۇ تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ۋە ئىشلىتىپ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى بىلەن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان كۆيۈمى، مېھرىبانلىقىنى نامايان قىلىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. ھەرقايسى ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ ئۇيغۇر باشلىقلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇلار خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى ئىچىدىن پۇرسەت چىقىرىپ، خەنزۇ تىل - يېزىقى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ، خەنزۇ تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان، خەنزۇ تىلىدا ھۆججەت-دوكلات يازالايدىغان، كەسپىي خىزمەتلەرنى جايى-جايىدا بېجىرەلەيدىغان ھالغا يەتتى. بۇ، خەلق بانكىسى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۇل-مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ئىقتىدار يارىتىشقا تۈرتكە بولدى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن كىشىلەر بىردەك: «بۇ نەتىجە بانكا پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بانكا باشلىقى رازىق مۇھەممەتنىڭ باشلامچىلىق بىلەن بىلىمگە ھۆرمەت قىلغانلىقىنىڭ، ئىختىساس ئىگىلىرىگە تايانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى» دېگەن باھانى بەردى.

بىلىم قۇرۇماس بۇلاق، ئۇ كىمدە بولسا، شۇ تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا بىلىمدىن ئىبارەت بۇلاقتىن تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى بىلگەن ئادەم ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈك خاسىيىتىنى يارىتالايدۇ.

# شۇ كۈنلەردە

رازىق مۇھەممەت ئورۇندۇقتىن قوپقاندا كېچە سائەت 1 دىن ئاشقانىدى. ئىشخانىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ، كارىدورغا چىقتۇىدى، كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، سەزگۈسىگە تايىنىپ، پەلەمپەيىنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. ئۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە، پۇت-قولىنىڭ ماغدۇرى قالمىغانىدى، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى، كۆزلىرى قۇم تىققاندەك ئېچىشاتتى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆيىگە كىرگەندە، ئايالى ۋە ئىككى بالىسى ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى، ئايالى ئۇنىڭ كىرگىنىنى سەزگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلماي، ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇردى...

بۇنداق تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە ئۆيگە كىرىش رازىق مۇھەممەت ئۈچۈن ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئايالى ۋە بالىلىرىمۇ كۆنۈپ، ئېغىر ئالماس بولۇپ قالغانىدى. 2000-يىل كىرگەندىن كېيىن رازىق مۇھەممەتنىڭ خىزمەت بېسىمى زىيادە ئېشىپ، تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. خەلق بانكىسىنىڭ بىر قىسىم تۈر قۇرۇلۇشلىرى، شۇنىڭدەك ئالدىنقى يىلى بىۋاسىتە باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھەر قايسى ناھىيىلىك يېزا ئامانەت-قەرز ھەمكارلىق كوپېراتىپ بىرلەشمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاپلىشىپ كەلدى ۋە ھەل قىلىش، تەرتىپكە سېلىشنى كۈتۈپ تۇردى. خەلق بانكىسىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا يېڭىدىن تاپشۇرۇلغان بۇ ئورۇنغا تەۋە بىر قىسىم جايلارنىڭ خىزمەتلىرى

بىر قەدەر چېچىلاڭغۇ، تارقاق، كېلەڭسىز، جانسىز ئىدى. خەلق بانكىسىنىڭ ئۇلارنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىسىمۇ كەمچىل بولغانلىقتىن، ھەدېگەندە كۈتمىگەن يەردىن چاتاق چىقىپ، مەسىلە يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئۇلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، زور كۈچ بىلەن يۆلەشكە، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە كادىرلار تۈزۈلمىسىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك تىكلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئىشنىڭ نۇرغۇن باش قېتىنچىلىقى بار ئىدى. ئۇ مەسىلە كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىزمەتتە تولىمۇ ئېھتىيات قىلدى، قول ئاستىدىكى خادىملار بىلەن كۆپ قېتىم مۇشۇ ھەقتە مۇزاكىرە، مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، تەدبىر تۈزۈش يوللىرىنى ئىزدىدى، بىر قاتار چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن قېتىم يېزا ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش، تەتبىقلاشنى قانات يايدۇردى، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى تۆۋەنگە باشلاپ بېرىپ، خىزمەت ئەھۋالىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتتى، ھەپتە-ئايلاپ دەممۇ ئالمىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تامىقى قىسىلىپ كەتتى. ياداپ كەتكەنلىكى، قاتتىق چارچىغانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئايالى ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا باردى ۋە ھەدېگەندە تېلېفون قىلىپ، سالامەتلىكىنى ئاسراشنى تاپىلىدى.

- ئورۇقلاپ كەتتىلە، خىزمەت بىلەن ئارام ئېلىشنى بىرلەشتۈرسىلە بولاتتى، تاماقلىرىمۇ ئازلاپ كەتتى، - دېدى بىر قېتىم ئايالى ئۇنىڭغا چوڭقۇر كۆيۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن.

- ھازىر قىلمىساق بولمايدىغان بىرقانچە جىددىي ئىش بار، شۇ ئىشلار ئوڭۇشلۇق يۈرۈشكەندە بىر گەپ بولار! - دېدى ئۇ سەممىي ھالدا، - ياداپ كەتسەممۇ سالامەتلىكىم ياخشى، ئارامنى

كېيىن بىراقلا ئېلىۋالارمەن...

— ئۆزلىرىگە بىرەر كېسەللىك تېپىۋالمىسىكەن دەپ ئەنسىرەيمەن، يا بولمىسا دوختۇرغا ئومۇمىيۈزلۈك بىر تەكشۈرتۈپ باقسىلا، ھەر ھالدا سەل قارىمىسىلا...

دېگەندەك نەچچە كۈن ئۆتۈپلا ئۇنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىپ، بولالماي قالدى. خىزمەتداشلىرى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي زورلاپ يۈرۈپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى، دوختۇر كۆرۈپلا ئۇنى كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا بۇيرۇدى، ئەمما ئۇ دوختۇر بەرگەن ياتاقتا يېتىش خېتىنى يانچۇقىغا سالدى-دە، ئاشقازان كېسىلى دورىسىدىن ئازراق سېتىۋېلىپ، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى. بىللە كەلگەن خىزمەتداشلىرى ياتاقتا يېتىش، داۋالىنىش تەكلىپىنى قايتا - قايتا بەرگەن بولسىمۇ رەت قىلدى. پەقەت، ئىش سېلىككەندە يېتىپ داۋالىنارمەن، دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا :

— سىلى دەم ئالماي ئىشلەۋاتقىلى خېلى يىللار بولدى، نۆرغۇن دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى يىغىلىپ قالدى. بىر مەزگىل ئارام ئالغانغا ئىش توختاپ قالماس! — دېدى.

— خىزمەت ھەممىدىن مۇھىم، — دېدى ئۇ، — قىلىشقا تېگىشلىك ئىش تۈگىسە، خىزمەت ئېھتىياجى ئىشقا ئاشسا، ئارام ئالسام بولىدۇ. ئاز - تولا ھېرىش، جاپا تارتىش ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئادەم چېنىقىدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن بېلى بوش بولۇپ قالسا بولمايدۇ، خىزمەت ۋەزىپىسى ئادا بولسا، ھاردۇقۇم چىقىپ، كەيپىيات جەھەتتىن يېنىكلەپ قالىمەن. ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماي چالا قويسام، تېخىمۇ چارچاپ كېتىمەن، شۇڭا خىزمەتنى قانائەتلىنەرلىك قىلىپ ھارساممۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايمەن !...

ھەممىگە ئايانكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زېمىنى كەڭ، قاتنىشى قۇلايسىز، يول مۇساپىسى ئۇزاق، ھاۋا

كىلىماتى بەكمۇ ئۆزگىرىشچان بولۇپ، بۇ ھال بانكىنىڭ مەبلەغ يۆتكەش، مەبلەغ تەشكىللەش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزەتتى، ھەر قېتىم مەبلەغ يۆتكەپ كېلىشكە ئاز دېگەندىمۇ بىرەر ھەپتە ۋاقىت كېتەتتى. چۈنكى، يول مۇساپىسى 3000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مەبلەغنىڭ بىخەتەر، ۋاقتىدا تارقىتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئاسانغا توختىمايتتى. ئەمما، رازىق مۇھەممەت شۇنچە يىللار مابەينىدە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنى ياخشى تەشكىللەپ، ئۇلار بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئىشلەپ، مەبلەغ يۆتكەش، تارقىتىش، تەشكىللەش ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلدى، بۇ جەرياندا ئۇ يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭلەردە ياتاق - تاماقتا ئامما بىلەن بىللە بولدى، قانچە قېتىملىق بوران - چاپقۇن، قار-شىۋىرغان ۋە تومۇز ئىسسىقنىڭ جاپا - مۇشەققەت، خېيىمخەتىرىنى باتۇرلارچە يەڭدى. ئۇ، مۇشۇ خىل ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان كۆپ يىللاردىن بۇيان كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەش ئادىتىنى يېتىلدۈردى، خىزمەتكە بالدۇر كېلىش، ئىشتىن كەچ چۈشۈش ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندى، ھەر يىلى ئىش ۋاقتىدىن سىرت ئىشلىگەن كۈن سانى ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ بەدىلىگە ھەق تەلەپ قىلمىدى. باشقىلار سېمىنا قوشۇپ ئىشلەش ھەققى ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ: «بۇ مېنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپەمنى ئادا قىلىشتىكى ئەقەللىي مەجبۇرىيىتىم، خىزمەتنى يۈكسەلدۈرمەي تۇرۇپ ھەق ئېلىش قايسى پرىنسىپقا چۈشىدۇ؟» دېدى.

ئۇ ھەر يىلى كېلىدىغان يېڭى يىل بايرىمى، باھار بايرىمى، قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، بانكىنىڭ بوغالتىر، قوغداش، پۇل - مۇئامىلە تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلارنى ئەگەشتۈرۈپ، ۋىلايەتكە قاراشلىق 10 ناھىيىدىكى

تارماق بانكىغا بىر-بىرلەپ بېرىپ، ئامانلىق قوغداش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، بىرىنچى سەپتە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. بانكا ئورگىنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، باشقا رەھبەرلەر بىلەن نۆۋەتلىشىپ پوستتا تۇردى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىنى ستاتىستىكا قىلغاندا، ھەر يىلى 500 ئورۇن-قېتىم پوست تەكشۈرگەنلىك خاتىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بانكا خىزمەتچىلىرى بۇنى مۇنداق ئوبرازلاشتۇرىدۇ : يېرىم كېچىدىمۇ ئومۇمنىڭ ئىشى ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان بىر ئادەمنىڭ سىيماسىنى ئىشخانا بىناسىدا كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ دەل رازىق مۇھەممەتتۇر! دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ پوست تەكشۈرىدىغان بىر ئادەم بار، ئۇ دەل رازىق مۇھەممەتتۇر! ئارام ئېلىش كۈنلىرىنى ساقچى نازارەتخانىسىدا ئۆتكۈزىدىغان بىر ئادەم بار، ئۇ دەل رازىق مۇھەممەتتۇر!

بۇ شۇنداقلا ئېيتىلغان گەپ ئەمەس، ئاددىي تەرىپلەشمۇ ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ بەرگەن ھەقىقىي باھا. بۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلارمۇ ئېتىراپ قىلدى. شۇڭا، مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتى ئىزچىل تۇردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. 1993-، 1998-، 2002-يىللىرى بۇ مەركىزىي تارماق بانكا مەملىكەتلىك خەلق بانكىسى سىستېمىسى بويىچە بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ، رازىق مۇھەممەت مەركەزلەشتۈرۈپ تۇزەشتىكى نەمۇنچى شەخس بولۇپ شان - شەرەپكە ئېرىشتى.

ئالىي شان-شەرەپ ئىدارىدىكى ھەممەيلەننى شادلىققا چۆمدۈرۈپلا قالماستىن، رازىق مۇھەممەتنىڭ ئايالىنىڭمۇ ھاردۇقىنى چىقاردى. بۇ ئايال ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن جان

كۆيدۈرىدىغان ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرسى سۈپىتىدە ئۇزاق يىل داۋامىدا ئۇنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەنىدى. باشتىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلەرنى ئويلىسا ھەممە ئىش خۇددى چۈشتەك يېقىن، تاغنى تالقان قىلغاندىن قېيىن تۇيۇلىدۇ. ئەينى يىللاردا دۇچ كەلگەن كۆڭۈل غەشلىكلىرى ئۇنىپات-پات بىسەرەمجان قىلاتتى. دەرۋەقە، رازىق مۇھەممەت شۇنچە يىلدىن بۇيان ئائىلىسىگە كۆيۈنسىمۇ، يېتەرلىك قارىيالمىدى، راستىنى ئېيتقاندا ئائىلە ئىشلىرىغا ئۇنىڭ زادىلا ۋاقتى يەتمىدى، ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئايالىغا تاشلاپ قويدى. بالىلارنى بېقىش، تەربىيىلەش، داۋالىتىش، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەقلەش، قىسقىسى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېغىر-يېنىك بېسىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھۆددىسىدىن چىقتى...

ئاشۇ كۈنلەردىكى سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ قانچىلىك زېرىكىشلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئەمما بۇنى ھېچكىمگە دەپ يۈرمىدى، قىيداپ، باتناپ، تاپا-تەنىمۇ قىلىپ يۈرمىدى. باشقىلارغا رازىق مۇھەممەتنىڭ ئالدىراشلىق ئىچىدىكى ھاياتى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ، دادىلىمىدى ياكى ماختانمىدى، پەقەت زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ئۇدۇلىغا بايان قىلىپلا قويدى، كىشىلەر نەزىرىدىكى ئوبرازىنىڭ يۇقىرىلىقىنى پەش قىلمىدى. ھېلىقى مېيىپ قىز رازىق مۇھەممەتنىڭ ئاددىي-ساددىلىقىنى تىلغا ئالغاندەكلا، بۇ تىرىشچان، ئېسىل پەزىلەتلىك ئايالغا ئۇنىڭ ساداقەتمەن پەزىلىتى ئىزچىل تەسىر كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ خىزمەتداشلىرى، تونۇش-بىلىشلىرى ۋە كەڭ ئامما ئارىسىدا ئۆزىنىڭ بىر ئاددىي ئاياللىق تۇيغۇسىنى، ئوبرازىنى ساقلاپ كەلدى. ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېپىپ ئولتۇردى. باشلىقنىڭ ئايالى دەپ ھەرگىز تۆر

تالاشمىدى، ئايرىم داستىخان ھەم سوۋغا-سالام قوبۇل قىلمىدى؛ ئۇنىڭغا ئۇنداق كۆز بىلەن، بۇنىڭغا مۇنداق كۆز بىلەن قاراپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئاشۇرمىچىلىق، دورىمىچىلىق قىلىپ يۈرمىدى. بۇ ئىشلار رازىق مۇھەممەتنىڭ ئوبرازىنى كىر-داغ، توقى-لەنەت پاتقاقلىرىدىن يىراق قىلدى.

ئەمما، ئۇ ئاددىي ئادەملىك سۈپىتى بىلەن، ھېلىقىدەك ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرغان چاغلاردا ئائىللىق نازاكىتى تۇپەيلىدىن يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ ياش تۆككەن، ھەسرەت چەككەن دەقىقىلەرمۇ بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئېرىغا ھەم ئۆزىگە ئىشىنىپ تىنچ تۇرمۇشىغا قانائەت قىلىپ، كۆنلەرنىڭ خەيرلىك ئۆتۈشىنى تىلىدى. دەرۋەقە ئويلىسا، ئېرى بىلەن بىرەر كۈن تولۇق بىر جايدا تۇرۇپ باقمىغىلى خېلى يىللاربولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ بۇنى ئېغىر ئالماس بولۇپ قالغانىدى...

رازىق مۇھەممەت بۇ ھەقتە ئويلانغاندا، يۈرىكى راستىنلا ئېچىشىپ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ئائىلىگە ھەمراھ بولالماي قالغان بوشلۇقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، ئۆزىگە ئارتىلىپ قالغان «قەرز»لەرنى تامامەن قايتۇرۇپ، بۇرچىنى ئاقلىغۇسى كېلىدۇ. بۇ ياخشى ئارزۇ، ياخشى تىلەك، شۇنىڭدەك چىن قەلب قاتلىمىدىكى ئەقىدىنىڭ نىداسى بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا بۇنىڭ بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ بولۇپ قېلىشىنى ئويلىغاندا، ئۆزىنى ئاقلاشقا گەپ، قويىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ. ئىچكى زىددىيەتنى پەيدا قىلىدىغان بۇنداق خىيال ئۇنى ئويلىمىغان يەردىن يەنە ئازابقا سالىدۇ. ئائىلى ۋە ئۆزى تەشنا بولغان نەرسىلەرنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان باغلىنىشىنىڭ تولىمۇ يىراقلىقىنى بىلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئائىلىگە ئوخشاش تەن بېرىپ توختاپ قالىدۇ، گاھىدا بۇنى ئويلىماسلىقنى نىيەت قىلىدۇ. بىراق، ھايات، بولۇپمۇ ئائىلىۋى تۇرمۇش ئەر-ئائىلنى

ھەر بىر مىنۇت ئۆزئارا باغلاپ، بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ، ئائىلىنىڭ كىشىلەرگە بەرمەكچى بولغان شاپائىتى ھەم بەختكە ئېرىشتۇرۇشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، كۈچلۈك مېھىر-مۇھەببەتكە يول ئاچىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئۇلار بىر - بىرىگە شۇ قەدەر كۆيۈنىدۇ، بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ كۆڭۈل ئاراملىرى، خىزمەت ئۇتۇقلىرى ئۈچۈن ھەمدەم، ھەمنەپەس، يار-يۆلەك بولىدۇ.

مۇشۇنداق چاغلاردا يېلىنجاش ئىچىدە ئۆتكەن ياشلىق چاغلارنى ئەسكە ئالماي تۇرالمايدۇ : ۋاقىتلىق ئايرىلىش ئازاب ۋە پۇشايمان ئېلىپ كېلىشكە سەۋەب بولسىمۇ، ئۇ مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ. چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تولغان ھايات دولقۇنلىرىدا بىردەملىك ئايرىلىشمۇ سېغىنىش بىلەن بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ، بۇنداق سېغىنىش، بىئاراملىق ياشلىق ئېقىنلىرىدىكى سېغىنىش، بىئاراملىققا زادىلا ئوخشىمايدۇ، ھازىرقىسى خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىقنى كۈتۈش، تىلەش بىلەن باغلىنىشلىق، ئىلگىرىكىسى بولسا، گۆدەكلىك گۇمانلىرى، ياشلىق قىزغىنلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھېسسىياتلارغا باغلىنىشلىق بولىدۇ.

يىللار ئۆتتى، ياش چوڭايدى، چاچلاردا ئاق، يۈزلەردە قورۇق پەيدا بولدى. يىللارنىڭ بۇ سوۋغىسى كۆڭۈلنىڭ نۇرغۇن يېتىشسىزلىكلىرىنى تولۇقلىدى، روھتىكى نۇرغۇن بىچارىلىك تەدرىجىي يوقالدى، مەۋقە تۇراقلاشتى. رازىق مۇھەممەت قانچە كۈن، قانچە كېچە شۇنداق ئىشلىسىمۇ، ئايالى تامامەن رازى، بۇنىڭغا چىداشلىق بېرىش ئىقتىدارى بار. ھازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنى ۋە ئارزۇ قىلىدىغىنى ئېرىنىڭ سالامەتلىكى، تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارغا مۇشەررەپ بولۇشىدۇر.

# دىلى ئاقنىڭ قولى پاك بولىدۇ

«بانكا باشلىقىنىڭ ئوغلى دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ!» دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزي تارماق بانكىسى ئورگىنىغا پۇر كېتىش بىلەن بىر چاغدا، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىمۇ يېيىلىپ ئۈلگۈردى. بۇ 1999-يىل 8-ئاي مەزگىلى ئىدى. بۇنى بىر قىسىم كىشىلەر «كۆڭۈل ئىزھار قىلىدىغان تازا ياخشى پۇرسەت» دەپ بىلىپ، بەك خۇشال بولۇشتى. خەلق بانكىسىنى ۋە رازىق مۇھەممەتنى «ئىندەككە كەلتۈرۈش» كويىدا يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەر «پۇرسەت»نىڭ يوچۇقىنى تاپقاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، ئۇلار مۇشۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئوغۇلنى ئۇزىتىپ قويۇشنى باھانە قىلىپ، «يوللۇق» تۇتۇپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلسا، قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئىشلىرىنىڭ يولى ئېچىلاتتى. «ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىتار» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ! دېمىسىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بالىلىرى ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە، ئۇرۇق-تۇغقانلار يوللۇق تۇتۇپ ئۇزىتىپ قويىدىغان، تەتىل قىلىپ ياكى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلسە، ھال سوراپ ئۆيىگە داستىخان ئېلىپ كىرىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى. بىزدە تۇغقانلار ئىچىدە

بىرەرسى سەپەرگە چىقسا يولنى توتۇپ ئۆزىتىپ قويىدىغان، قايتىپ كەلسە ھاردۇق سورايدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار ئىدى. بىراق، ئايرىم كىشىلەر بۇنىڭغا بىر خىل پۇرسەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا كۆڭۈل ئىزھار قىلىش، بىلىم ئالغۇچىلارنى، شەرەپ قازانغۇچىلارنى قەدىرلەش تۈيغۇسىنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ قويدى. ياخشى كۆڭۈل، ياخشى تىلەك ئارىسىغا باشقىلاردىن نەپ ئېلىش، قۇسۇر ئىزدەش، يوچۇق ئېچىش خاھىشى سايە تاشلاپ كەلدى. ياخشى ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ سۈپىتى ۋە ماھىيىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى.

رازىق مۇھەممەت باشقىلارنىڭ بۇنداق ناتوغرا كەيپىياتىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئوغلىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىنى ھېچكىمگە دېمىگەنىدى. بىراق، بۇنى يوشۇرالمىدى، ھېلىقىدەك پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرى بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ ئۈلگۈرگەنىدى. پەرەز قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. بانكىدىن پېنسىيىگە چىققان بىر كادىر ئۇنىڭ ئىشكىنى تۇنجى بولۇپ چەكتى.

ئۇ كادىر بىر كۈنى ئەتىگەندە، رازىق مۇھەممەت بىلەن ئايالى ئىشقا مېڭىش ئالدىدا ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى-دە، ئوقۇشقا ئۆتكەن ئوغلىنى بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن، ئۆز «مۇددىئا» سىنى ئېيتتى ھەمدە ئەكىرگەن سوۋغات بىلەن بىر كونۋېرتنى ئۈستەلگە سەزدۈرمەي قويۇپ چىقىپ كەتتى. رازىق مۇھەممەت ئەر-خوتۇن چۈشتە قايتىپ كېلىپ، كونۋېرتتا 15 مىڭ يۈەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغلىدىن دەرھال سۈرۈشتە قىلدى ۋە بۇ «سېخىي» لىقنىڭ ئەتىگەن كىرگەن ھېلىقى كادىر تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى بىلىپ، تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلەشتى:

— سىلى بىر پېشقەدەم كادىر، پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، مانا ھازىرمۇ پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدىن

بەھرىمەن بولۇپ ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىلا، مەنمۇ ھەم شۇنداق. ئۆزلىرىگە ئايان، بىزنىڭ ھېچ نەرسىدىن غېمىمىز يوق، پەقەت سالامەت بولۇپ، پارتىيە بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلىش غېمىمىز بار، باشقىسىنى دېمىسەممۇ سىلى ئوبدان چۈشىنىلا، شۇڭا مېنى خۇش قىلاي، تەڭلىكتە قويماي دېسىلە، بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىرىپ قويغان سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسىلە، كۆڭۈللىرى ماڭا تېگىل بولدى...

- بانكا باشلىقى، بۇ نېمە دېگەنلىرى ئەمدى ؟ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان ئوغۇللىرىغا بۇنچىلىك ئىش قىلىش مەجبۇرىيىتىم يوقمۇ؟ ئاددىي كۆڭلۈمنى خاتا چۈشىنىۋالسىلا بولمايدۇ، ئانداق دېسىلە كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ جۇمۇ!

- يەنە دېسەم شۇ گەپنى قىلىمەن، سىلى-بىز پارتىيىنىڭ كادىرى، سىلىنى مەن، مېنى سىلى خاتا يولغا باشلايدىغان ئىشنى قىلساق بولمايدۇ. بىزنىڭ نېمىمىز نېمىگە يەتمەي مۇشۇنداق ئىشنى قىلىمىز؟ پارتىيە يېتەرلىك ئىش ھەققى بېرىۋاتىدۇ، ھەر قانچە خەجلىسەكمۇ ئېشىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىلىنىڭ پۇللىرىغا ھاجىتىم چۈشەتتىمۇ؟ كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلماي دېسىلە، گېپىمنى توغرا چۈشىنىپ، پۇللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسىلە...

-بانكا باشلىقى، كۆڭلۈمنى قايتۇرمىغان بولسىلا! شۇنچە يىل بىللە ئىشلىگەننىڭ ئاز-تولا يۈز-خاتىرسى بولمامدۇ؟...

- بۇ گەپلىرى تازا چاك باسمايدۇ. راستىنى دېسەم، بەك ئېشىپ كەتتى! يۈز-خاتىرنىڭ يولى باشقا، خىزمەتنىڭ يولى باشقا، يۈز-خاتىر دەپ خاتا ئىشنى قىلسام، سىلىگە يول قويۇپ خىزمەتكە، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلسام، سىلىچە ياخشى ئىش قىلغان بولارمەنمۇ؟ ھەر ئىش ئۆز يولى بىلەن، يۈز-خاتىرمۇ ئۆز لايىقىدا بولغىنى تۈزۈك...

- بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا خۇش بولاي، مۇشۇ بىر قېتىم

كۆڭلۈمنى ياندۇرمىسىلا، باياتىنقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بەك ئۈيلىپ كەتتىم! ھېلىمۇ مېنى ئىزاغا ئۆلتۈرەي دېدىلە! ئاشۇ چاغلىق نەرسىنى ياندۇرۇپ ئەكېتىشكە يۈزۈم چىدىمايدۇ، ئىللا-بىللا ئۇنى ئاغزىمدىن چىقارمايمەن. خۇدا ھەققى، ماڭا ئىشەنسىلە!

- بۇ گەپلىرى پەقەت قاملاشمىدى! مېنى شۇنچىلىك گالۋاڭ چاغلاۋاتاملا؟ تولا تە قىلمىسىلا، بىر ئادەمگە كۆڭلۈم دەپمۇ بۇنچە كۆپ نەرسىنى بەرگىلى بولامدۇ؟ سىلى مېنى قەستەن قىينىماقچى، چىرىكلەشتۈرمەكچى، شۇنداقمۇ؟!

- ياق، ياق! ئۇنداق دېمىسىلە، ئۆتۈنۈپ قالاي! مېنى ئەيىبكە بۇيرۇۋەرمىسىلە! مەن ئالدىلىرىدا بەك خىجىل!...

- ئۇنداق دېسەممۇ ئۇنىمىسىلا، مۇنداق دېسەممۇ ئۇنىمىسىلا، ئەمىسە مەن پارتىيىنىڭ سىياستى بويىچە بىر تەرەپ قىلاي، مەندىن رەنجىمىسىلە! سىلىنىڭ نەرسىلىرىنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن!

- ياق، بانكا باشلىقى، مەن راستىنلا خاتا قىلدىم. ماڭا نىمە دېسىلە ھەق، سىلىنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلەتتىم. ئەمما، ئايالىم بىلەن قىزىمنىڭ گېپىگە كىرىپ، بۇ «پوق»نى يەپ سالدىم. سىلىنىڭ ئەزەلدىن قولى پاك، دىلى ساپ رەھبەر ئىكەنلىكلىرىگە ھەممە ئادەم ئىشىنىدۇ. خاپا بولمىسىلا، دېگەنلىرىدەك قىلاي...

- ئۆزلىرىگە مەلۇم، قىزلىرىنىڭ ناھىيىدىن شەھەرگە يۆتكىلىش ئىشىدا شەرت-شارائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۆپ قېتىم ئېيتتىم، يەنىلا شۇ گېپىمدە تۇرىمەن. ئۇنى ھازىرلا شەھەرگە يۆتكەش سىياسەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. مېنىڭچە بولغاندا قىزلىرىنى يۆتكەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە كىرەك ئىدى، سىلەردەك پېشقەدەملەرگە كۆڭۈل بۆلۈش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، پارتىيىنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرىنىڭ بىرى.

مەسىلە سىلىنىڭ بىز رەھبىرىي كادىرلارغا بىرنەرسە بېرىش، نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەس، شەرت-شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىدە.

رازىق مۇھەممەت «سوۋغات» نى توغرا بىر تەرەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى نەچچە كۈنگىچە پاراكەندە بولۇپ، كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمىدى. چۈنكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ، سالامەتلىكىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتتى، تەگسىز ئوي-خىياللار ئۇنىڭ باغرىنى خۇن، قەلبىنى يارا قىلدى.

ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىسە مەيلى ئىدى. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ ئوچاقلىرى ئادەملەرنى ھەر خىل خۇي، ھەر خىل ئوي، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل مەزمۇن بىلەن پىشۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ۋە ئىجتىمائىيەتكە تۇتقان مۇئامىلىسى، قارىشى ئوخشىمايدۇ، قوللانغان ئۇسۇلى ۋە تەدبىرلىرىدىمۇ مۇئەييەن پەرق بولىدۇ. رازىق مۇھەممەتنىڭ خىزمەت ھاياتىدا قىسما-قىسما ئىش، ھادىسىلەر كەينى-كەينىدىن يۈز بېرىپ تۇردى. جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى پەيدا قىلغان سۇنئىي رەۋىشتىكى ھەرىكەت، پائالىيەتلەر ھامان ھەر خىل يوللار بىلەن مەيدانغا چىقىپ، كىشىلەرنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە، ئوخشىمىغان شەكىلدە «ئۇسسۇل»غا سالىدۇ، كىملەردۇر ئاشۇ سەنەمگە دەسسىسە، يەنە كىملەردۇر قاراپ باقىدۇ، ئۇلاردىن بەزىلەر يېرىمىغا دەسسەپ توختاپ قالىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا نەزەر-كۆزىنى سالماي، ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ. بۇ كۆپ تەرەپلىمە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سەۋەبكە، سىياسىي، مەمۇرىي ئەھۋالغا بېرىپ تاقىلىدۇ. «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېگەندەك كەيپىيات بەزى يوچۇقلارنى پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن، مانا مۇشۇ يوچۇق كىشىلەرگە بايىقىدەك ئۇسۇلنى ئۆگىتىدۇ. يوچۇق بىر خىل ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، كۆزگە ئەڭ ئاۋۋال چېلىقىدىغان، ئەڭ تېز قوبۇل

قىلىنىدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشىلەر قەلبىگە تېزدىن ماكانلىشىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۇتۇقى كىشىلەردە تەبىئىي بولۇشقا تېگىشلىك جەريان دەپ قارالغانلىقتىن، پەۋقۇلئاددە نەتىجە ۋە شەرەپمۇ گاھىدا پەقەتلا نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. ھالبۇكى، ئاجىز خاراكتېرلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىن قوبۇل قىلىدىغىنى سەلبىيلىك بولۇپ، ئاشۇ سەلبىيلىك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارزۇ-مۇددىئاسىنى ناتوغرا يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش كويىدا بولىدۇ.

بۇ پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلەر روھىيىتىنىڭ ئاجىزلىقى، بىلىمىنىڭ تۆۋەنلىكى، تەربىيىلىنىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بىچارىلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، دائىرىسى چەكلىك بولسىمۇ، جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن ئېغىر. ئەمما، رازىق مۇھەممەتكە ئوخشاش زور بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىنىڭ ئوبرازى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىش روھى بىلەن ساداقەت ۋە پىداكارلىق، سەمىمىيەت ۋە ئادالەت يولىدا مېڭىپ، ئاشۇ خىل ئىدىيىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىنى، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى.

2001-يىلىدىكى تاۋۇز چاغىنى ئاخشىمى ئىدى، بۇ ئاخشىمى رازىق مۇھەممەت ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ بانكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، پېشقەدەملەردىن ھال سوراش، دىجورنىلىك قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئارامىمۇ ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل ئاشۇ چاغدا، خەلق بانكىسىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسى، ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلاش تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ جىددىي ئىشلىنىۋاتاتتى، قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىپ، ھۆددىگە بېرىش تەييارلىقىمۇ قىلىنىۋاتاتتى. تاۋۇز چاغىنىدىن ئىبارەت «پۇرسەت» نى چىڭ تۇتقان بىر قۇرۇلۇش قىلغۇچى خېرىدار ئۆزىنىڭ «كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش» خىيالى بىلەن تېپىرلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. خېرىدارنىڭ قولىدا بىر

يەشىك ئايتوقاچ بار ئىدى. ئۇ رازىق مۇھەممەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئايالى تاجىگۇلگە ھال سوراپ كىرگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۇنىمىغانلىغا قارىماي ھېلىقى ئايتوقاچنى چاي شىرەسى ئۇستىگە قويۇپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن رازىق مۇھەممەت بۇ ئىشتا بىر مۇددىئا بار دەپ ئويلاپ، ئايتوقاچ قاچىلانغان يەشىكنى ئېچىپلا ھەيران قالدى، يەشىكتىن ئايتوقاچ بىلەن بىر توپ نەق پۇل چىقتى. بۇنى كۆرگەن رازىق مۇھەممەتنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئايتوقاچ ئېلىپ كەلگۈچىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، ئۇنى قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتتى، ھېلىقى كىشى تولىمۇ خىجىل بولغان ھالدا يەشىكتىكى 50 مىڭ يۈەن پۇلنى قايتۇرۇپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ قۇرۇلۇش قىلىش ھوقۇقىنى مۇشۇ خىل ئامال بىلەن قولغا كەلتۈرۈش خىيالىدا بولغانىدى.

مەلۇم ناھىيىدىن پېنسىيىگە چىققان بىر كادىر قىزىنى خەلق بانكىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن رازىق مۇھەممەتنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆيىگە كىرىپ پەتلەش ئارىلىقىدا لۆم-لۆم ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا نېمىنىدۇر تىقىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە رازىق مۇھەممەتنىڭ ئايالى تاجىگۇل ئۆي يىغىشتۇرۇۋېتىپ، 4000 يۈەن قىممىتىدىكى بىر يۇرۇش ئالتۇن زىبۇ-زىننەتنى ئۇچراتتى ھەمدە ئەھۋالنى رازىق مۇھەممەتكە ئېيتىپ، بۇنى ھېلىقى xx ناھىيىدىن كەلگەن ئادەمنىڭ قويۇپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن رازىق مۇھەممەت xx ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ مەسئۇلى ئارقىلىق ئۇ نەرسىلەرنى ھېلىقى كادىرغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئالدىنقى يىلى بەلگىلىمە بويىچە ھېلىقى كادىرنىڭ قىزىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشتىن ئۇمىدى ئۈزۈلۈپ بولغان پېشقەدەم كادىر كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا، رازىق مۇھەممەتنى قايتا ئىزدەپ كېلىپ ئېيتتى:

— مەن سىزدە مەرۋايىتتەك ساپ كۆڭۈل بارلىقىنى

بىلەتتىم، ئەمما ئۆزۈمگە تولۇق ئىشەنچ قىلىپ كەتمىگەن ئىكەنمەن، بۇ غەمخورلۇق مېنى ھەم قاتتىق خىجىل قىلدى، ھەم كۆڭلۈمنى چەكسىز تەشەككۈرگە چۆمدۈردى، ھەممە رەھبىري كادىرلار سىزدەك سەمىمىي، ئادىل، كۆيۈمچان، شەخسىيەتسىز بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى-ھە !

— مەن پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم، — دېدى رازىق مۇھەممەت ئۇنىڭغا، — ھوقۇق مۇقەددەس بىر مەسئۇلىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنى توغرا يۈرگۈزگەندىلا قىممىتىنى تاپىدۇ. شۇڭا، مەن قولۇمدىكى ھوقۇقنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئادىل يۈرگۈزۈپ، پارتىيە-خەلق ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىشىم، ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى قوغدىشىم كېرەك، خالىغانچە ئىش قىلىپ، نەپ بەرگەنلەرنى ياقلىسام، پارتىيە بايرىقى ئالدىدا بەرگەن قەسىمىم يالغان بولۇپ قالىدۇ. پەقەت ھوقۇقنى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەتكەندىلا، ئىناۋەت-ئابرۇيى بولىدۇ. چۈنكى، پارتىيە، خەلق مېنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىپ ماڭا ھوقۇق تۇتقۇزغان !...

خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلار، دەرد ئېيتىدىغانلار، خىزمەتكە كىرىش تەلىپى بارلار، پۇل قەرز ئالىدىغانلار ۋە قەرزىنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىيالىدا بولىدىغانلار... رازىق مۇھەممەتنى دائىم ئاۋارە قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تەلەپ-ئارزۇلىرى ھەر خىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىسى يولسىز، قانۇن-تۈزۈمگە خىلاپ تەلەپلەر ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، رازىق مۇھەممەتنى «يۇمشىتىش» ئىستىكى « ھاجەتمەن »لەرنى ھەر خىل كويلارغا سالاتتى. شۇنداقتىمۇ رازىق مۇھەممەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە لايىقىدا جاۋاب بېرىپ، قولىنى پاك تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ نۇرغۇن زىياپەتلەرگە بارمايتتى، ھەر خىل شەكىلدىكى يوللۇق تۇتۇش، سوۋغات تەقدىم قىلىشلارنى پرىنسىپاللىق بىلەن رەت قىلاتتى.

رازىق مۇھەممەت يەنە كونا، ئەمما داۋاملىق قوللانسا

بولىدىغان قائىدىلەردە چىڭ تۇراتتى، ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قىزى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، مەكتەپنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ قالدى، قىزىنىڭ بېرىپ-كېلىشتە قىينالغانلىقىنى، مەكتەپكە كۆنەلمىگىنىنى بىلگەن رازىق مۇھەممەت ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ۋېلىسىپىت بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشنى ئادىتىگە ئايلاندۇردى. بۇنى كۆرگەن بىر قىسىم كادىرلار ۋە شوپۇرلار ماشىنا بىلەن بېرىشقا ئۈندىگەندە، بۇنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە قانداقلىكى جىددىي ئىش چىقىپ قالسا ياكى بىرەرسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا توغرا كەلسە، كۆپ ھاللاردا كىرا ئاپتوموبىلىنى ئىشلەتتى. ناھىيىلىك تارماق بانكىلارغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارغاندا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئادىمىگەرچىلىك يۈزىسىدىن رېستورانلارغا تەكلىپ قىلسا، ئۆزۈر ئېيتىپ ئۇنىماي، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدا غىزالاندى. سىرتقا ئۆگىنىش، يىغىنلارغا بارغاندا، ئالىي ياتاق، ئايرىم ئۆيلەردە ياتمىدى. بەزى چىقىم ۋە تاكسى كىراسىنى ئاتچوت قىلمىدى. بۇنداق باشلامچىلىق بانكىنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا تۈزۈمنى چىڭىتىش رولىنى ئوينىدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ھەر يىلى بانكىنىڭ نۇرغۇن چىقىمى تېجىلىپ قالدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا: « ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ » دېگەندە، ئۇ كەسكىن تۇردە «مۇشۇنداق قىلىش مېنىڭ ئادەم بولۇش پرىنسىپىمغا دەل چۈشىدۇ! » دېدى.

رازىق مۇھەممەت مۇشۇنداق بىر قاتار پەزىلەتلىرى ئارقىلىق بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ساپ، ئالىيجاناب روھىنى نامايان قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشتى.

# ئەگۈستە چاقنىغان مۇھەببەت

ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى يېگىنسار تاغلىرىنىڭ ئانچە ئېگىز بولمىغان باغرىدىكى بىرەر تاغ قاپتىلىغا چىقسىپ، ئەگۈس يېزىسىغا قارىسا، ئۇ خۇددى كىچىك بالىنىڭ گۈل نەقىشلەنگەن دوپپىسىدەك كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئېگىز -پەس يوللار، ئۆي-دۆڭ ئېتىزلار، ئېرىق- يارلىقلار دەمال كۆزگە چېلىقمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل، ساپ ھاۋالىق، سۈيى ئەلۋەك بىر ماكان. بىراق، يىلبويى ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەيدىغان دېھقانلارنىڭ ھال كۈنى ئاشۇ گۈزەل ماكانىنىڭ سېيماسى بىلەن تەتۈر تاناسىپ. نامراتلىق بۇ يەردىكى ئەڭ ئەجەللىك بىمەنە ئىش. ئۇلارنىڭ داڭلىق نەرسىلىرى خېلى بار دېيىلگەندىمۇ، تولىسى ئىپتىدائىي بولغاچقا، پايدىلىنىش قىممىتى ئانچە چوڭ ئەمەس! ئۇلار ئىچىدە قايسى زاماندا پەيدا بولغانلىقى نامەلۇم بولغان «سەمەت ئۆرۈكى» ھەممىدىن داڭلىق بولۇپ، قالتىس يېرى شۇكى، بارچە ئۆرۈك ئاق ئۈجمىنىڭ كەينىدىنلا پىشسا، «سەمەت ئۆرۈكى» تومۇزنىڭ پىژقىرىم ئىسسىقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، باشقا جايلاردا ئۆرۈك ئاخىرلاشقان 7-، 8-ئايدا بازارغا كىرىدۇ. شۇ ۋەجدىن ئۇ ھەقىقەتەن ئېسىل مېۋە سانىلىپ داڭقى پۈتۈن دۇنياغا پۇر كەتكەن. بىراق، ئۇنىڭ كۆلەم ۋە مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىق مۇھىم ھالقىدىكى سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئاشۇ يەردىكى جاپاكەش دېھقانلارنى باي - باياشاتلىققا ئىگە قىلالمىغان. دەپ كەلسەك، بۇ ھەقتىكى پاراڭدا نۇرغۇن سەۋەب بار:

ئاساسلىقى قاتناش قولايسىز، شارائىت ناچار، ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، مەبلەغ يوق، سىياسەت كەڭ بولسىمۇ، چەكلىمە، بۇيرۇق خاراكتېرىنى ئالغان ئىشلەپچىقىرىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش مەۋجۇت. مانا بۇلار دېھقانلارنى يالجىتمىغان.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا ۋىلايەت تەشكىللىگەن ئېغىزلار بويىچە نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش پائالىيىتى يېرا-بازارلاردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، تەكتىنى ئېنىقلاش، نامراتلىقنىڭ سەۋەبىنى تۈپ يىلتىزىدىن تېپىپ، دېھقانلارنى تېزرەك ھاللاندۇرۇشنىڭ زەپەر سازىنى چالدى، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن ئەگۇستىكى نامرات دېھقانلار بىر ياخشى يۆلەنچۈككە ئىگە بولدى. مانا بۇ يۆلەنچۈك جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ئىدى.

1995-يىلى ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان رازىق مۇھەممەت بانكا پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر بۆلۈك كادىرلارنى باشلاپ تۈنجى قېتىم ئەگۇس يېزىسىغا باردى. ئۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى، مۇنبەت تۇپرىقى ئۇلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. ئۇلار دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى، بازار، سودا-سېتىق، تېرىقچىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ يەردىكى نامراتلىقنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما، دېھقانلارنىڭ شۇ قەدەر نامرات بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقىدى. كېيىن بولسا تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، نامراتلىقنىڭ يىلتىزى مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى.

راستىنى ئېيتقاندا، يېڭىسار ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق نامرات ناھىيە بولۇش بىلەن بىر چاغدا، ئەگۈس يېزىسى ناھىيە تەۋەسىدە كىشى بېشى كىرىمى ئىنتايىن تۆۋەن، نامراتلار زىيادە كۆپ يېزا ئىدى. رازىق مۇھەممەت دادىل ھالدا تۆۋەندىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

- مېنىڭچە، بىز ماددىي جەھەتتىكى نوقۇل يار-يۆلەك بولۇپ قۇتقۇزۇش-يۆلەشنى ئىلمىي بولغان يار-يۆلەك بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قارىتىشىمىز كېرەك. يېزا تەۋەسىدىكى دېھقانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولسىمۇ، كەسىپ ئەھلى كەمچىل، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئىلمىي ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقى ئىنتايىن ئاز ئىكەن. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ناچار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى تۆۋەن ئىكەن. دېھقانلار بالىلىرىنى ئوقۇتماي، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا سېلىش كويىدا ئىكەن. بۇ ماھىيەتتە دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن ئۆمۈر بويى قوتۇلالماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب. شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسىنى پەن-مەدەنىيەت ئىگىلەشكە مايىللاشتۇرۇپ، مەنىۋىيىتىنى يۇكسەلدۇرۇشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلمىساق بولمايدۇ. بىلىم تولۇقلاش جەھەتتىكى مەبلەغنى قانداق سېلىش، ئاتا-ئانا، بالىلارنى بىلىم ئېلىش، كەسىپ ئىگىلەشكە قانداق قىزىقتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

رازىق مۇھەممەتنىڭ ئېيتقانلىرى بىللە بارغانلارنىڭ ھەممىسىگە ياقتى، بۇ ھەقىقەتەن كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت ۋە ئەمەلىي مەسىلە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئەقلىي جەھەتتىن يار-يۆلەك بولۇش، يەنى مائارىپ قارىشى، ئوقۇتۇش، ئىلىم-پەن ئىگىلەش جەھەتتە يار-يۆلەك

بولۇشتىن ئىبارەت پىكىر يولىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى ھەمدە مۇشۇنى مەركەز قىلغان ھالدا، نەزىرىنى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا قارىتىپ، دېھقانلارنى زامانىۋى، ئىلمىي ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى ۋە تىجارەت قىلىش كۆز قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلىدى. بانكىدىكى بۇ ئىشقا ئاجىرىتىلغان خادىملار ئۆزىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پىلانلاش، يولغا قويۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئەگۈس يېزىسىدا ئىلگىرى-كېيىن باغ-ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى، ئېتىز-ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، باغ-ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قاتارلىق ساھەلەردە يېڭىچە پىكىر يولى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ جەرياندا تۈرلۈك ئاكتىپ تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، دېھقانلار بىلەن بانكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا دوستلۇق كۆۋرۈكى سېلىندى، دېھقانلارنى ئۆز قېرىندىشىم دەپ بىلىپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋەزىيىتى پەيدىنپەي شەكىللەندى. نامرات دېھقانلارنى ئائىلىلەر بويىچە رەھبىرىي كادىر، پارتىيە ئەزالىرىغا يۆلەش ئوبيېكتى سۈپىتىدە تەقسىملەپ، ئۇلار ئارىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈردى. مەيلى قايسى چاغ بولسۇن، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇن، ياغ، گۆش، كىيىم-كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۈزۈپ قويماي ياردەم قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ھېيت-بايراملاردا بانكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئۇلارغا ھېيتلىق ماددىي نەرسىلەرنى ئەئانە قىلىشقا قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مەدەت بەردى. بىر قانچە يىلدا بەلگىلىك كۆلەمدە مەبلەغ سېلىپ، بىر نەچچە يۈز مو بىنەم يەر ئاچتى،

سوغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قۇدۇق قازدۇردى. ئېرىق-ئۆستەڭ، يول قۇرۇلۇشىنى راۋانلاشتۇرۇشقا ياردەم قىلدى. ئۇن زاۋۇتى قۇرۇپ بەردى. ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئىلگىرى-ئاخىر نەچچە مىڭ يۈەنلىك پارتا-ئورۇندۇق، 35يۈرۈش كومپيۇتېر ۋە كومپيۇتېر ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ بەردى. بۇنىڭدىن 14 يۈرۈشنى ئەگۈس ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىپ، ئوقۇش-ئوقۇتۇشنىڭ شارائىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. هازىر بۇ يېزىدىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش سۈپىتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋامى، ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى ئالدىنقى يىللاردىكى تۆۋەن سەۋىيىدىن بىراقلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

رازىق مۇھەممەت يەنە مەركىزىي تارماق بانكىدا مائارىپ فوندى تەسىس قىلىپ، ئەگۈس يېزىسىدىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر بالىلارنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى هەل قىلدى. بانكا يەنە قوي، خىمىيىۋى ئوغۇت، سالىياركا، كۆمۈر، يوتقان-كۆرپە، نەق پۇل قاتارلىقلارنى نامرات ئائىلىلەرگە تەقدىم قىلدى. هازىرغىچە تەقدىم قىلغان بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىمۇ يۈكسىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكى كىشى بېشى كىرىمى 10 يىل ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا %15 ئاشتى.

مۇشۇ 10يىلدىن بۇيان رازىق مۇھەممەتنىڭ، شۇنداقلا خەلق بانكىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بۇ يېزىغا سىڭدى. ئۇلارنىڭ ئەجىر-تەرى، ئەقىل - پاراستى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان هەربىر نەتىجىدە كوممۇنىستلارغا خاس

ئالىيجاناب روھ جۇلالىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارمۇ ئۇلارنىڭ بۇ يېزىدائىشلىگەن خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، رازىق مۇھەممەت ئۆز تۆھپىسىگە يارىشا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئالدىنقى يىلى ئەگۈس يېزىسى ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە بېيىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 2003-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى رازىق مۇھەممەتكە «ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى.

رازىق مۇھەممەتنىڭ قورسىقىدا يەنە نۇرغۇن پىلان-تەسەۋۋۇر بار. ئۇ ئەگۈس دېھقانلىرىنىڭ غەلبىسىرى ئىلگىرىلەپ تېخىمۇ روناق تېپىشىنى، تېزرەك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ ھەممە دېھقاننىڭ ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ماشىنا-سايمانلىرى، نەچچە 10 تۇياقتىن چارۋا ماللىرى، سىغىن كالىلىرى، كىچىك ماشىنا ۋە موتسىكلىتلىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى، سانائەتلەشكەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا بۇ تولىمۇ زۆرۈر. ئۇ ئولتۇرسا-قوپسا كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئوتىدا كۆيىدۇ.

شۇنداق، رازىق مۇھەممەت باشچىلىقىدىكى ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بۇ كىچىك، قالاق، نامرات يېزىنى مۇھەببەت ۋە قايناق ئىنتىلىش كەيپىياتىغا چۆمدۈردى. بۇ مۇھەببەت ئۇلۇغ، چۈنكى ئۇ ئەگۈسلۈكلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ لاۋۇلدايدۇ!

# دېھقان بولغاچقىلا بىز مەۋجۇت

قەشقەرنىڭ زېمىنى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، يېزا ئىگىلىكى ئاساس، باغۋەنچىلىك بىلەن چارۋىچىلىق تۈۋرۈك كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. ساياھەتچىلىك بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش يېتەكچى قىلىنىدۇ. ئەمما، ھېلىغىچە زور ئىستىقبال تاپقان ساياھەتچىلىك، زامانىۋى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بارلىققا كەلگىنى يوق، قەشقەردىكى 3 مىليون 500مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسنىڭ تايىنىدىغىنى يەنىلا ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى بولۇپ، خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى شۇنىڭغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بايلىق ئۈستۈنلۈكى، مەبلەغ ئۈستۈنلۈكى، شارائىت ئەۋزەللىكىدىن سۆز ئېچىش تېخى يىراقتىكى ئىش بولسىمۇ، ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا غايەت زور تەرەققىياتنىڭ بولغانلىقىغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقىنىڭ چوڭلۇقى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنى ئويلاندۇرىدۇ.

شۇنداق، يېزا ئىگىلىكى-خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى بولغاندەك، قەشقەرنىڭمۇ جان تومۇرى. چۈنكى، يېزا ئىگىلىكى - بۇ ئالتۇن تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان مۇقەددەس مەنبە. رازىق مۇھەممەت بۇ ھەقتە توختالغاندا، قەلبىدىكى قايناق تەسىراتلىرىنى ۋە كەڭ دېھقانلارغا بولغان سۆيۈنۈشىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

- يەرلىرىمىز ئالتۇندەك ئېسىل، ئۇ پەرىشتە سۈپەت

دېھقانلىرىمىزنىڭ جاپاسى بەدىلىگە ياشىرىپ بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، دېھقانلار بولغاچقىلا بىز مەۋجۇت! شۇڭا، ئاغزىمىزدىلا ئۇلارغا مەدھىيە ياغدۇرۇپ قويماي، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ياردەم بېرىپ قوللىشىمىز، مەنپەئىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك!...

رازىق مۇھەممەت بىر قانچە يىلدىن بۇيان دېگىنىنى قىلدى، ھەر قېتىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن مەبلەغ تەشكىللەش پەيتى كەلگەندە، باشلامچىلىق بىلەن ئالدىدا ماڭدى. ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدىمۇ ھامان كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. ئۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەر تەۋرەش، كەلكۈن، مۆلدۈر ئاپەتلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى، ماددىي تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇشنى ئېسىدىن چىقارمىدى. 1996-يىل 6-ئايدا، بۇغدايلار ئومۇميۈزلۈك پىشىپ ئورۇشقا تەييارلىق قىلىنىۋاتقاندا قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، يېڭىسار، يوپۇرغا، يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، بولۇپمۇ يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بەزى يېزىلارنىڭ بۇغدايلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈگەشتى. «كۆتۈرەلمەسەك ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئېغىر زىيان نامرات دېھقانلارنىڭ قايغۇسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى، ئۇلار تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈش، زىياننىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە گاڭگىراپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنىڭ چاقىرىقىنى چىقىرىپ، كەڭ

دېھقانلارنى ئاپەتنى يېڭىشكە سەپەرۋەر قىلدى. رازىق مۇھەممەت يېڭىسار ناھىيىسىگە بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن دېھقانلارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىش كەيپىياتىغا چۆمدى، ئاندىن ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى تارماق بانكىلارنىڭ مەسئۇللىرىغا جىددىي تېلېفون قىلىپ، يەرلىكتىكى ھەر قايسى پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەبلىغى تەييارلاشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا پارتىيە تەشكىلىگە دوكلات قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاپەت رايونىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بانكا رەھبەرلىرى دەرھال پارتىيىلىك كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، يۆلەش نۇقتىسى بولغان ئەگۈس يېزىسىدىكى نامرات دېھقانلارغا ياردەم بېرىشكە كىرىشتى. ئۆزى نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلىش جەريانىدا قورسىقى ئاچسا، قاتتىق ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ يېدى. نەچچە كېچە-كۈندۈز كۆز يۇممىدى، لاي-پاتقاق كېچىپ، لاي-لاتقا ئاستىدا قالغان بۇغدايلارنى يىغىشقا قاتناشتى. ئۇ يەنە باشقىلارنى ئاپەت ئېغىر بولغان جايلارغا پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشكە تەشكىللىدى، ئۆزىمۇ 500 يۈەن نەق پۇلنى باشلامچىلىق بىلەن ئىئانە قىلدى.

2003-يىل 2-ئاينىڭ 24-كۈنى، مارالبېشى، يوپۇرغا، پەيزاۋات، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ، خەلق ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك يەر تەۋرەشتە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا 268 نەپەر ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى، نەچچە مىڭ ئادەم ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندى ۋە ئۆي-ماكانسىز قالدى. رازىق مۇھەممەت بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھامان بانكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى

سەپەرۋەر قىلىپ، 480 قوۋر كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە، يېمەكلىك تەييارلاپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا كېچىلەپ يەتكۈزۈپ بەردى. بىر نەپەر مۇئاۋىن بانكا باشلىقىنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق تەدبىرلىرىنى تۈزۈش، مەبلەغ يۆتكەپ بېرىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئۆزى بىر قانچە قېتىم ئاپەت رايونىغا بېرىپ، پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان پىدائىيلار ۋە بانكا خىزمەتچىلىرىدىن هال سوراپ، قەيسىرانە روھىغا مەدەت بەردى. ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئەڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان چوڭقۇرچاق قاتارلىق ئۈچ يېزىغا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىغا 37مىليون يۈەن تەڭشەپ بېرىپ، ئېغىر ئاپەت بولغان يىلدىمۇ دېھقانلارنىڭ مول هوسۇل ئېلىشىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىدى.

مەملىكىتىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى، پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ مەدەت بېرىشى، پۇل-مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ هەر تەرەپلىمە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشى ئارقىسىدا، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كېلىپ، دېھقانلار يېڭى قىياپەت بىلەن ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش كۈرىشىگە ئاتلاندى. بۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ، خەلق بانكىسى قاتارلىق پۇل-مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ شانلىق، ئۆچمەس ئىزلىرى چاقناپ تۇرىدۇ.

# «ئۈچ ئۈچۈن» سوققان يۈرەك

جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ فۇنكسىيىسىدىن قارىغاندا، ئوينايدىغان ئاساسلىق رولى ۋىلايەت بويىچە دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، پۇل مۇئامىلىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىمۇ بانكىنىڭ خىزمەت بېسىمى ئېغىر، دائىرىسى زىيادە كەڭ ئىدى. 1996-يىل 10-ئايدا، يېزا پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ئەسلىدە يېزا ئىگىلىك بانكىسى باشقۇرۇپ كەلگەن يېزا ئامانەت-قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى خەلق بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، بانكىنىڭ ۋە بانكىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى ھەم زېھنىي كۈچى مۇشۇ ئىشقا سەرپ بولۇپ كەتتى. يېزائامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت «ئۈچ ئۈچۈن» مۇلازىمەت قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزائىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەت بەردى ۋە بىر قىسىم كوپېراتىپلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، باشقۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىش، تۈزۈملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ مۇنتىزىملاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك مەبلەغ خېيىمخەتىرىنى ئازايتىش دېگەندەك بىر قاتار قالدۇق ئىشلار ۋە يېڭىدىن يۈز

بەرگەن توسالغۇلار ئۇلارنىڭ خىزمەت بىسىمىنى ئاشۇرۇۋەتتى. شۇڭا، رازىق مۇھەممەتكە بىر كۈنمۇ ئاراملىق بولمىدى. كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبە ۋە مول كەسپىي بىلىمگە ئىگە رازىق مۇھەممەت ھەر قاچان سەگەك بولۇپ، تىخىمۇ ئەستايىدىل ئىشلەپ، ۋىلايەتتىكى پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ «ئۈچ ئۈچۈن» خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

ئامانەت-قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تۈزۈلمىسى كونا، ئىگىلىك باشقۇرۇشى سۈپەتسىز، قەرز پۇل ئېلىم-بېرىمى ناچار، مەبلەغنىڭ ئايلىنىشى ئاستا، ئوبوروتى جانسىز ئىدى. باشقۇرۇش شەكلىدە يىللاردىن بۇيانقى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ ئەندىزىلىرى ئومۇميۈزلۈك ساقلانغانلىقتىن، قەرز پۇل تارقىتىش ـ يىغىش كۆپ قاتلام، كۆپ خىل مەنبەلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ پايدىسى ئاز، ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈپەتسىز قەرز پۇلنىڭ مىقدارى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش، مەبلەغ توپلاشقا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. بەزى جايلار دېھقانچىلىق مەبلىغىنى دېھقانلارنىڭ قولىغا بەرمەي، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى، ئۇرۇقلۇق شىركەتلىرى، يېزا، كەنت كوللېكتىپلىرىغا بېرىپ، دېھقانلار نەق پۇلغا بىۋاسىتە ئېرىشەلمەيتتى، ھەتتاكى دېھقانلار ماددىي نەرسىلەرنى ئالسىمۇ، قەرز ئالغان پۇلنى كۆرمەيتتى، پەقەت قەرز پۇل ھۆججىتى ـ رەسمىيەتلىرىگە قول قويۇپلا بېرەتتى، پۇلنى شىركەتلەر ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلار، زاۋۇت، كارخانىلار ئېلىپ كېتەتتى، يىل ئاخىرىدا دېھقانلار قەرز قايتۇراتتى، ئەمما مۇشۇ جەرياندىكى

مۇلازىمەت، قەرز ئۆسۈملىرى ئىزچىل سەمرىپ، دېھقانلار تېخىمۇ ئېغىر قەرزگە بوغۇلاتتى، بەزى جايلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى دېھقانلارنىڭ، يەككىلەرنىڭ نامىدا قەرز ئېلىۋېلىپ بەرمەيتتى، قالايمىقان قورۇلۇش قىلىش، بۇزۇپ چېچىش ئارقىلىق ئىسراپ قىلىشتەك ئەھۋاللار ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت ئىدى. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى. مەركەز يېقىنقى يىللار مابەينىدە دېھقانلار مەسىلىسىگە ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنى، بولۇپمۇ يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرىنى ئاساسلىقى يېزىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان بىردىنبىر پۇل مۇئامىلە ئورگىنى قىلىپ بېكىتتى، بۇنداق ئەھۋالدا يەنىلا كونا ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلىشقا بولمايتتى، بۇ، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

رازىق مۇھەممەت ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە تولىمۇ ئەستايىدىل قارىدى ھەمدە ئىسلاھ قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، 1998-يىلى ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى يەكەن ناھىيىسىدە سىناق قىلغاندىن كېيىن، پەيدىنپەي پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيتتى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2001-يىلىدىن باشلاپ قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەردە كىچىك سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش، نەق پۇلنى دېھقانلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش، دېھقانلار قەرز پۇلنى ئۆزى بىۋاستە ئېلىش ۋە ئۆزى قايتۇرۇشتىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ ئىش دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن

بولىسمۇ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، ساتىدىغان ئايرىم كارخانىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، ھەتتا ئايرىم جايلار يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرگە دەرد-ئەھۋال ئېيتىپ، بۇرۇنقىدەك ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدىغان ئادىل سىياسەت ئۇلارنىڭ خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرمىدى، ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ دېھقانلارنى «ئېمىش» تىن، ھەقسىز «سېغىپ» ئىچىشتىن مەھرۇم قالدى، كىچىك سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش تېزلا ئومۇملاشتى.

رازىق مۇھەممەت كۆپ قېتىم ئىش ئۈستى يىغىنى ئېچىش، تەجرىبە تونۇشتۇرۇش، ئىلغار ئۈسۇللارنى قوللىنىش ۋە قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەر قەلبىگە ياقىدىغان ئاقىلانە تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈردى. مانا ھازىر ۋىلايەت بويىچە ھەممە ئائىلىدە قەرز ئېلىش-تىزىملاش ئىناۋەتلىك كارتىسى بار بولدى، دېھقانلار قولىدىكى كارتىسىنى ئېلىپ قاچانلا بارسا ئۆزى تۈرۈشلۈق ئورۇنلاردىكى ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرىدىن قەرز ئالالايدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

بۇ، دېھقانلارنىڭ نەچچە مىليون يۈەنلىك پايدىسىنى مەڭگۈلۈك قوغداشتەك ئىجابىي رولنى ئويىنىدى. بۇنىڭدا رازىق مۇھەممەتنىڭ قەلبىدىن ئەبەدىي چىقىپ كەتمەيدىغان مۇنداق بىر ئىش بار: 2002-يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىش ئالدىدا خىزمەت تەكشۈرۈپ يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئوچار يېزىسىغا بارغان رازىق مۇھەممەت دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن سىرداشتى، قەرز پۇل ئارخىپلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قەرز پۇلغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ تەدبىرىنى ئىزدىدى. بۇ

جەرياندا «ئۈچ ئۆچۈن» مۇلازىمەت قىلىشتا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش، قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇنۇملۈك خىزمەت ئىشلەشنىڭ ئاساسىنى ياراتتى. شۇ قېتىم ئۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۆچۈن قەرز پۇل تارقىتىۋاتقان جايغا بارغاندا، قولىغا 2000 يۇەن نەق پۇلنى ئالغان بىر دېھقان ھاياجانلانغان ھالدا «ياشىسۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى ! خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن! مەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! » دېدى.

بۇنداق تەسىرلىك ئىشلارنى نەچچە قېتىملاپ ئۇچراتقان رازىق مۇھەممەت ئۆزىمۇ بۇ خىزمەتتىن رازى بولدى. كىچىك سوممىلىق قەرز پۇل تارقىتىش ئومۇملاشقاندىن كېيىن، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى يىلمۇ يىل ئاشتى، ئىلگىرىكىدەك بانكىنىڭ پۇلىنى يېۋالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى. بىر قىسىم يېزا-بازارلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى 2001-يىلىدىن 2003-يىلىغىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا 123يۇەن، 200يۇەن، 250يۇەن ئەتراپىدا ئېشىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مانا ھازىر دېھقانلار ئالتۇندەك باشاقلاردىن تۆكۈلگەن ئۇنچە-مەرۋايىتتەك بۇغدايلارنى ئالىقانلىرى بىلەن سىلىغاندا، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئاپئاق پاختىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئېغىنىغاندا... ئۆزلىرىگە مەدەتكار بولغان كومپارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنى، بانكىدىكى رەھبەرلەرنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەيدىغان قەرز پۇلنى ئۆز ئىگىسىگە تەگكۈزۈشتە باش سەركەردىلىك رول ئوينىغان رازىق مۇھەممەتنى چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئەسكە ئالىدۇ.

# ئىقبال شوتىسى

— يولداشلار، سىلەرگە دەپ قوياي، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەرلىك ئورۇنلار پۇل مۇئامىلىنىڭ ئانا تۇپرىقى، بىزنىڭ پۇل مۇئامىلىمىز مۇشۇ ئانا تۇپراقتا يىلتىز تارتالىغاندىلا، ئاندىن باراقسان ئاينىپ مېۋە بېرەلەيدۇ.

دەل مۇشۇ گەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقاندا، رازىق مۇھەممەت رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان «قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ ۋىلايەت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەدەت بېرىش يىغىنى» ئېچىلىۋاتاتتى. رازىق مۇھەممەت بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق ئىشنىڭ بىرسىمۇ مۇشۇ ئىدى. ئۇ دائىم يەرلىككە مەنپەئەت يەتكۈزۈشىمىز، يەرلىك بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك دەيتتى. شۇڭا، ھەر يىلنىڭ بېشىدا دېگۈدەك خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ھەر قايسى بانكىلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، يەرلىكنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ تەدبىر بەلگىلەپ، خەلق بانكىسىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىراتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەشقەر ۋىلايىتىدە 12 ناھىيە، شەھەر بار، ئۇنىڭ سەككىزى دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق

نامرات ناھىيە قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى 15ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئىچىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە 14-ئورۇندا تۇرىدۇ. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن بولۇپ، مەيلى يېزا ئىگىلىكى بولسۇن، مەيلى كارخانا ئىگىلىكى بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن، مالىيىدىكى قىيىنچىلىق ئىنتايىن ئېغىر. جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى يېتەكچىلىك رولى ئىنتايىن چوڭ، ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. رازىق مۇھەممەت بۇ ئىشتا ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە مۇستەھكەم قاراشقا ئىگە بولۇپ، مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى دائىم ئەسكە ئېلىپ تۇراتتى، قەشقەر خەلقى ئۈچۈن، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدى. ئۇ بانكا پارتكومىدىكى بىر گۇرۇپپا ئادەمنى ياخشى يېتەكلەش، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ئىشلەش -پۇل مۇئامىلە خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى دەپ قاراپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئارىسىدا نىشانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر چاغدا، ھەممەيلەننى چارە-تەدبىر ئويلاپ، ئەقىل تېپىشقا يېتەكلىدى، رەھبەرلىك خىزمىتىدە پۇل مۇئامىلە سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان تەدبىرلەر ئۈستىدە جانلىق تەپەككۇر يۈرگۈزدى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە كۈچ تەشكىللەپ، ئۈچ چوڭ تۈر بويىچە 20 نۇقتىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى يېزا-بازار، كەنت، مەھەللىگە قەدەر ئادەم باشلاپ

بېرىپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىر نەچچە ئايدىلا يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى ئاشۇرۇش بويىچە نۇرغۇن ئىلغار، ئىلمىي پىكىرلەرنى، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئېچىش، يولغا قويۇش تەدبىرلىرىنى يەكۈنلەپ چىقتى. بۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانلار ئەڭ قارشى ئالغان ۋە پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك زور ئىش بولغان كىچىك سومىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىشتىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ شەكىللەندى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋىلايەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ جانلىق بولغان «ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش چوڭ يىغىنى»نى ئېچىپ، ۋىلايەت ئىقتىسادىي گۈللەندۈرۈش ۋەزىيىتىنى كۈتۈۋالدى. يىغىندا، ئاساسلىقى پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ پۇل قەرز بېرىش دائىرىسى، مىقدارى، مەبلەغ خېيىمخەتىرى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خەلق ئىگىلىكى مەبلەغ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىغا ماسلىشىپ مەدەت بېرىش، پۇل مۇئامىلە تەكشۈرۈلۈقى ئارقىلىق، پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنىڭ تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىندى، ۋىلايەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى مول تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىغا ئىگە بولدى. نەق مەيداندا ئىمزا قويۇش يولى بىلەن ھەر قايسى بانكىلار ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغى ئارقىلىق ۋىلايەت ئىقتىسادىغا مەدەت بېرىشنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە نەق مەيداندا ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 2مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى يۆلەشتە تارىخىي ھالقىش بارلىققا كەلدى.

رازىق مۇھەممەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئۇ نەتىجىسى كۆرۈلگەن ئىشلارنى دائىم سۆيلەيدۇ،

ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنى دائىم تەكشۇرىدۇ. كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتساق، ئۇ يېتەكلەۋاتقان مەركىزىي تارماق بانكا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ «ئۈچ ئۈچۈن» خىزمەت قىلىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، ھەر يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ ئۆزى شەخسەن بانكىنىڭ ستاتىستىكا بۆلۈمىدىكى خادىملار ۋە ئىشخانا خادىملىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ھەرقايسى سودا بانكىلىرىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەشنى داۋاملاشتۇردى، پۇل مۇئامىلە سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشتىكى تەدبىرلەرنى بېكىتىپ يولغا قويدى؛ ئىزچىللاشتۇرۇش نىشانىنى توغرىلىدى. بۇ جەرياندا خەلق بانكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە ئامانەت-قەرز كوپىراتىپ خىزمىتىدە يېڭى چارە ـ تەدبىر، ئۇسۇللىرىنى كەينى-كەينىدىن بارلىققا كەلتۇردى. ئالدىنقى يىلى بىر قىسىم ناھىيىلەردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن شۇ جايدىكى بىر قىسىم سودا بانكىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مۇددىئاسى بويىچە قەرز پۇل تارقىتىشقا ماسلاشماسلىق ھەققىدىكى نارازىلىق پىكىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، رازىق مۇھەممەت ناھىيىمۇ ناھىيە بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىرلىشىپ، مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە دەرھال ھەل قىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى توسالغۇنى تۈگەتتى، شۇنداقلا ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، كونا قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىش ۋە سۈپەتسىز قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىناق نۇقتا، نىشانلىرىغا ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا-سانائەت بانكىلىرى زور بىر قىسىم سۈپەتسىز قەرز مەبلىغىنى قايتۇرۇۋېلىپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى جانلاندۇردى. قەرز پۇللارنىڭ خېيىمخەتەر دەرىجىسى يىلدىن-يىلغا تۆۋەنلىدى، نەچچە يۈز مىليون يۈەن پۇلنىڭ قىممىتى ئاشتى.

# مۇرەككەپ ھېسسىيات ئاددىي ئۇقۇمدىن غالىب ئەمەس

«رازىق مۇھەممەت پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىر، ئۇنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىدە ھەمىشە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى دەل سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇنداق ئېسىل پەزىلەتنى ھەممە رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشى كېرەك!» مانا بۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەلۇم مۇئاۋىن شۇجىسىنىڭ بىر قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنىدا ئېيتقان كۆڭۈل سۆزى.

راستىنى دېسەك، بۇنداق باھانىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسان ئەمەس، بۇنداق ياخشى باھا ئۇنىڭ پارتىيە-خەلقنىڭ خىزمىتىگە بارلىقىنى بېغىشلاپ قازانغان شانلىق ئۇتۇقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، چۈنكى ئۇ خىزمەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە شەپە چىقارماي خىزمەت قىلىپ نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قازاندى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى، بۇ ئۇنىڭ باشقىلارغا بولغان كۆيۈنۈشى، ھېسداشلىقى ۋە سەممىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى. كىرسىز قەلبىنى، خىزمەتنى ھەقىقىي سۆيۈپ،

شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھىنى نامايان قىلدى. ئالدىنقى يىلى ئۇ خىزمەت تەكشۈرگىلى ناھىيىلەرگە بارغاندا، ئۇزاق يىل جورىسىدىن ئايرىلىپ ياشاپ خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنىڭ قىيىنچىلىقىغا خاتىمە بېرىشنى ئويلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بانكا خىزمەتچىلىرى ئىچىدىكى جورىسى باشقا جايلاردا ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەرنى ئېنىقلىدى، ئۇ، ئۇلارنىڭ جورىسى تۇرۇشلۇق ئىدارە ۋە باشقۇرغۇچى ئورگانغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئۇدۇللىغا ئىنكاس قىلدى ھەمدە بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك تارماقلارمۇ ئۇنىڭ قارىشىغا قوشۇلۇپ مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، «يېقىنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى تەدرىجىي ھالدا بىر يەرگە جەم قىلدى. يېڭىسار ناھىيىسىدىكى بىر خەنزۇ كادىر ئۇزاق مەزگىللىك ئايرىلىپ ياشاش تارىخىنىڭ بىردىنلا ئاخىرلاشقانلىقىغا ھاڭ-تاڭ قالدى، ئۇ ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بۇ ئىشنى قىلىشقا رازىق مۇھەممەتنىڭ ئالاھىدە كۈچ چىقارغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ھاياجانلاندى، ئاندىن تەسىرلەنگىنىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ: «مەن بانكا باشلىقى رازىق مۇھەممەتنى ئۆز ئاتا-ئانامدىن چارە كۆرىمەن! » دەپ تەرىپلىدى.

1999-يىل 11-ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىئەن شۆبە بانكىسى قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكىغا ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئىككى نەپەر خەنزۇنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئەۋەتتى، رازىق مۇھەممەت يۇقىرىنىڭ تەلپىگە دەرھال قوشۇلۇپ، ئۇ ئىككىسىدىن ئەھۋال سوراپ، بىرسىنىڭ شەنشى ئۆلكىسىدىكى يەنئەن دېگەن جايدىن كەلگەنلىكى،

ئىسمىنىڭ لىۋيۋي ئىكەنلىكى، ھەتتا دادىسىنىڭ يولنى يىراق كۆرمەي ئوغلىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن، دەرھال بانكا پارتكومىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان يەكەن ناھىيىلىك تارماق بانكىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، ئۇ تىزىملىتىدىغان سۈرۈك شەنبە، يەكشەنبە كۈنىگە توغرا كەلگەنلىكتىن، رازىق مۇھەممەت تېلېفون ئارقىلىق شۇ كۈنىلا ئۇنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇقتۇردى. يەكەن ناھىيىلىك تارماق بانكىدىكى رەھبەرلەر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر دەم ئېلىشنى قويۇپ لىۋيۋينىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى، بۇنداق مۇئامىلە ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

باھار بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى رازىق مۇھەممەت بىر قىسىم خادىملارنى باشلاپ يەكەن ناھىيىسىگە بېرىپ، لىۋيۋينى يوقلاپ ھال سورىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ قاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭ خىزمەت- تۇرمۇشىغا ئاتىدارچىلىق قىلدى. ئايرىم كىشىلەردە رازىق مۇھەممەتنىڭ بۇ ئىشىغا قارىتا قورساق كۆپىكمۇ پەيدا بولدى، بىراق ھېچكىم بۇ توغرۇلۇق يۈز تۇرانە بىرنېمە دېيەلمىدى. رازىق مۇھەممەت ئىزچىل ھالدا مۇنداق تەكىتلەپ كەلدى:

— كىم بولسۇن پارتىيىنىڭ كادىرى، كىم ئىقتىدارلىق بولسا، مۇناسىپ ئورۇنغا شۇ چىقىشى كېرەك، ئايرىمچىلىق قىلساق، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ، پارتىيە ۋە خەلق مېنى بانكىنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى دەپ بەلگىلىدى. بۇ ھوقۇقنى مەن خالىغانچە ئىشلەتسەم، شەخسىيىتىم ئۈچۈن قۇربان قىلسام بولمايدۇ، ھوقۇق شەخسكە مەنسۇپ ئەمەس، مەن ئۇنى

بىر ئادەمنىڭ، بىر مىللەتنىڭ، بىر كىچىك تەشكىلاتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلمايمەن، بەلكى ئومۇم ئۈچۈن، پارتىيە، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ۋەزىپەمدىن ئايرىلغانغا قەدەر جان-دىل بىلەن ئىشلەيمەن!...

«ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ھەر ۋاقىت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇشتا ھەقىقىي باشلامچىلاردىن بولۇشى كېرەك!» بۇ چاقىرىق رازىق مۇھەممەتنىڭ قەلبىدە ھەمىشە جاراڭلاپ تۇرىدۇ، ئۇ خەلق ئۈچۈن باسقان ھەربىر قەدىمىدە ھامان ئەمەلىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. دېمىسىمۇ، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت شەھەر دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسى بەش دۆلەت بىلەن تۇتىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى تولىمۇ زىددىيەتلىك، بۆلگۈنچىلىك بىلەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ يامراش ئېھتىمالى ھەر قاچان مەۋجۇت، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىز قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ، مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشنى خام-خىيال قىلىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ يوشۇرۇن سۈيىقەستى ھەر قاچان مەۋجۇت. بۇ خىل شارائىت ئاستىدا، رازىق مۇھەممەت ھەر ۋاقىت پارتىيىنى، خەلقنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، باراۋەرلىكىنى، تىنچ-خاتىرجەملىكىنى ئويلىدى، شۇڭا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا تەۋرەنمەيدىغان پوزىتسىيىسىنى كۈندىلىك خىزمەت، سىياسىي ھاياتىدىكى ئاساسىي ئىشىنىڭ بىرسى قىلىپ تۇتتى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى سادىقلىق بىلەن قوغدىدى،

بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش داۋامىدا، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى پائال تەشكىللەپ، بۆلگۈنچىلىك، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى ئېچىپ، تەنقىد قىلىپ، مۇستەھكەم قورغان بەرپا قىلىشقا ئاساس سالدى. 2001-يىل 2-ئاينىڭ 13-كۈنى قەشقەر شەھىرى ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلى يېزىلىرىدا دىنىي ئەسەبىي تېررورچى كۈچلەرنىڭ يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك قەبىھ قىلمىشى يۈز بەردى. قورشاپ تۇتۇش داۋامىدا ج خ ساقچىلىرى بىلەن جىنايەتچى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بىر نەپەر ساقچىسى شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى، ئىككى نەپەر ساقچى ئېغىر يارىلاندى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان رازىق مۇھەممەت دەرھال كۆپچىلىكنى يىغىپ چوڭ يىغىن ئېچىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلمىشى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ قاتتىق ئەيىبلىدى ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە ۋە دوختۇرخانىغا بېرىپ، قۇربان بولغان ساقچىغا تەزىيە بىلدۈردى، يارىلانغان ئىككى ساقچىدىن ھال سورىدى؛ كېيىن يەنە، قۇربان بولغان ساقچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى بانكىغا تەكلىپ قىلىپ دوكلات ئاڭلاش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قەھرىمان نەمۇنىچىنىڭ نەمۇنىلىك ئىش- ئىزلىرى ئارقىلىق، بانكا خادىملىرىنى ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە قىلدى.

رازىق مۇھەممەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراشتا چىڭ تۇردى. ئۇ مۇقىملىق بولغاندىلا، تەرەققىيات بولىدۇ، ئىناق بولغاندىلا تۇرمۇش باياشات بولىدۇ، ئىتتىپاقلىق دۆلەتنى، خەلقنى قۇدرەت تاپتۇرۇشنىڭ ئاساسى دەپ قاراپ، بۇ يېشىل قارىغاينى ئۆزىنىڭ ئەقىل-ئىدراك،

مېھىر-مۇھەببەت بۇلىقى بىلەن سۇغىرىپ ياشارتتى؛ ئۇ ئايرىم كىشىلەردىكى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئايرىمچىلىق، بەستالىشىش ھادىسىلىرىنى يولۇقتۇرغاندا كەسكىن تۇردە مۇنداق دېدى:

— راستىنى دېسەك، خەنزۇ كادىرلار ئانا يۇرتى، قەدىردان ئاتا-ئانىسى، ھەتتا خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنى نەچچە مىڭ چاقىرىملىق ئېچكىرى جايلاردا تاشلاپ قويۇپ، بۇ يەرگە كەلدى، ئۇلار ياخشى خىزمەت، پاراۋان تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ھەر تەرەپلىمە تۆھپىلەرنى قوشتى، ئۇلارنىڭ بىز ئۇچۇن ئاققۇزغان قان-تەرىنى قانچە قىلساقمۇ قايتۇرۇپ بولالمايمىز. پەقەت ياخشى مۇئامىلە، سەمىمىي كۆڭۈل بىلەنلا تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرىمىز. ئۇلار شۇنداق قىلغان يەردە بىز نېمىشقا ئادىمگەرچىلىك قىلىشقا يارىمايمىز؟ شۇڭا، ئۇلارنى ئاسرىشىمىز، قوغدىشىمىز، خىزمەت، تۇرمۇشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

ھەقىقەتەنمۇ بۇ خىل ئىشقا نىسبەتەن كىشىلەردە ئوخشاش بولمىغان قاراش، مۇرەككەپ ھېسسىيات مەۋجۇت، خىزمەت جەريانىدىمۇ كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئەمما رازىق مۇھەممەت ئىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ، پەقەت مەسىلىنى ئۆز يولىدا ھەل قىلسا، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىشلىسە ھېچبىر ئىشنىڭ مۇرەككەپ يېرى يوق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ قىلىۋاتقان ئىشلار بەك ئاددىي، ئەمما ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ، بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلىدۇ. بۇ خىل ئىشلاردا رازىق مۇھەممەت بىر تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسى بولىدۇ، ئاددىي ئىشتىمۇ مۇھەببەت ۋە ھەقىقەت، ساپ دىللىقنىڭ جۇلاسى ئەكس ئېتىدۇ دەپ قارايدۇ.

# ھاياتقا ياندىشقان سۆيگۈ

كىشىلىك ھاياتتا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار ھەقىقەتەن ئۇنتۇلغۇسىز بولىدۇ. رازىق مۇھەممەتنىڭ ھاياتىدا، تۇرمۇشىدا بۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار بەك كۆپ يۈز بەردى، بۇ يەردە ھەممىسىنى بىرمۇبىر دەپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ، ئەمما 2000-يىلىنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمايدۇ. ئاشۇ چاغدىكى ئۈمىد، ئىستەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلەرنى، چىڭ سىقىلغان قوللارنى پات-پات ئەسكە ئالىدۇ.

قىشنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ئىدى، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىۋىرغانلىق سوغۇقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىغا ھۇجۇم باشلىغانىدى. رازىق مۇھەممەت بەك ئالدىراش بولۇپ، پىلانلىغان ئىشلىرىنى تۈگىتىش ھەلەكچىلىكىدە جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان، بەزى ناھىيىلەردىكى تارماق بانكىلارغا بېرىپ، ئالدىنقى يىللىق خىزمەت ئۈنۈمىنى ۋە بۇ يىل يولغا قويۇلىدىغان خىزمەت نىشانلىرىنى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئارام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. بۇ تازا ئۆتكۈنچى ۋاقىت بولغانلىقتىن، تەكشۈرۈشنىڭ كۈن تەرتىپىمۇ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ھەرقايسى تارماق بانكىدا ئاساسەن بىر كۈنلا تۇرالايتتى. قاغىلىق ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېسىگە قېيناتىسى كەلدى،

شۇ چاغدائۇ كىشى كېسەل بولغانلىقتىن، رازىق مۇھەممەت ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا ئايالى تاجىگۇلمۇ دادىسىنى يوقلاپ قويۇشنى تاپىلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر كۈنلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، كۈندۈزى قېيناتىسىنى يوقلاشقا پۇرسەت چىقىرالمىدى. كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە تاماقمۇ يېمەي قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە چاپتى.

بۇ ئادەم ئېغىر دەرىجىدە مېڭە قان تومۇرلىرى قېتىشىش كېسىلى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، رازىق مۇھەممەت خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى، يولنىڭ يىراقلىقى تۈپەيلىدىن يوقلىيالمىدى، ئەمدى بولسىمۇ 250 نەچچە كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ كېلىپ، يوقلىماي كېتىپ قالسا تولىمۇ سەت تۇراتتى. ئۇ قېيناتىسى ياتقان كارىۋاتنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پىلدىرلاپ قالغان كۆزلەر ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى، بۇ ھالدىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغرىدى، پېشانىسىدىن ۋىللىدە تەر تەپچىدى، پۈتۈن بەدىنى قىزىپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئەپۇچانلىقنى تەلەپ قىلغان، خىجىللىق ئازابلىغان كۆڭلىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. شۇ تاپتا بوۋاينىڭ ئاغرىق پەيدا قىلغان كۆڭۈل غەشلىكى، ئىمجانلىقى، ئورۇقلاپ كەتكەن چىرايى بىلەن نۇرسىز كۆزلىرىدىن مانا مەن دەپ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بوۋاي ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئورۇقلاپ بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى ئاران-ئاران ئۆزاتتى.

رازىق مۇھەممەت ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، تومۇرلىرىنىڭ تېز-تېز، ئەمما جانسىز سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ ھال رازىق مۇھەممەتنى تېخىمۇ كۆڭۈل غەشلىكىگە چۆمدۈردى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولغان ھالدا

ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. چۈنكى، بوۋاينىڭ بۇنداق زەئىپلىشىپ كېتىشى رازىق مۇھەممەتنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىگەنىدى. بوۋاي كۈيئوغلىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە كۈيۈمىنى باشتا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغان، كېيىن ئوتلۇق تىككەن روھىي ھالىتى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. بۇ نەقەدەر تەسىرلىك مىنۇتلار-ھە؟! ئىككەيلەننىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى ئاددىي سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن ئىدى. ئۇ چاغلار ئەمدى «تارىخ» قا ئايلاندى، ئەمما بوۋاي قالدۇرۇپ كەتكەن سۆيگۈ، مېھرىبانلىق، تىكلەپ بەرگەن ھايات يولىدىكى نەمۇنىلەر يوقالمىدى.

بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىل ئىلگىرى رازىق مۇھەممەت بۇرۇتى خەت تارتمىغان، 21 ياشلىق قىران يىگىت ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇپ بىلىم ئەھلىگە ئايلانغان بولسىمۇ، رىزقى قاغىلىق ناھىيىسىگە چېچىلغانلىقتىنمىكىن، شۇ يەرگە «قايتا تەربىيە» ئېلىشقا باردى. بۇ دەل شەھەر ئاھالىلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش، زىيالىيلارنى چېنىقتۇرۇش دولقۇنى قوزغالغان يىللار بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان يىللاردا تۇغۇلغان بۇ يىگىت قاراقۇرۇم باغرىدىكى بۇ گۆھەر ماكاننىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

ئۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، يېزىنىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى كۆرۈپ باقمىغىنىغا قارىماي ئىرادىسى چىڭ ۋە قەتئىي، جاسارىتى ئۈستۈن، غۇرۇرى كۈچلۈك يىگىت ئىدى. ئۇ «سەھرا» تۇرمۇشىغا تېزلا كۆنۈپ ئۆزلىشىپ كەتتى ھەمدە كېيىنكى كۆپ قېتىملىق بوران-چاپقۇن، كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىنىڭ بېسىملىرى، قىش، يەكلىنىشنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، جەمئىيەت قوينىدا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۆزگە

كۆرۈنۈپ، دەسلەپتىلا پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى قىزغىنلىقى، تۇرمۇشتىكى ئاددىي ـ ساددىلىقى شۇ چاغدىكى بانكا باشلىقىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ ساھىبى بولۇشىغا تۈرتكە بولغانىدى. بۇ كىشى دەل ئۇنىڭ بولغۇسى قېيناتىسى ـ قۇدرەت روزى ئىدى. دېگەندەك، بۇ ئادەم كېيىن ئۇنى كۆيئوغۇل قىلدى ھەمدە ھەرقايسى تەرەپلەردىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

قېيناتىسىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرى بەك چوڭ ئىدى، ئۇنى ياراملىق ئادەم، ياراملىق جەمئىيەت ئەربابى بولسا دەيتتى، شۇنداقلا كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلاتتى، ئۈمىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى دائىم خىزمەتنى ئەمەلىي، جانلىق ئىشلەشكە، كەسىپكە جان-دىل بىلەن بېرىلىشكە يېتەكلەيتتى؛ قۇدرەت روزى كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە ئادەم بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، يەكۈنلىگەن تەجرىبە-ساۋاقلىرى ۋە قازانغان ئۇتۇق-نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا ھاياتلىقنىڭ قايناملىرىدىن قانداق ئۆتۈشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى، ياشاشتىكى ماددىي ئاساسنى قانداق يارىتىش ۋە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى قانداق ھەل قىلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «پۇل تۇتتۇق-ئوت تۇتتۇق دېگەن گەپ بار، ھەر قانداق ئادەم ئالدى بىلەن قولىدىكى پۇلنى ئۆز يولىدا چىڭ تۇتۇش، لايىقىدا ئىشلىتىش، مۇناسىپ قىممىتىنى نامايان قىلىش كېرەك، بولمىسا ئۇ سېنى كۆيدۈرىدۇ، خاراب قىلىدۇ، ئادەمنى خار-زار قىلغانمۇ، ئەزىز قىلغانمۇ پۇل! ... ھوقۇقمۇ شۇنداق، ھوقۇقنىمۇ توغرا ئىشلىتىش، مۇناسىپ قىممەت ۋە ئېتىبارغا

ئىگە قىلىش لازىم، بولمىسا ئەتراپىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنى، ھەتتا سېنى خاراب قىلىشى مۇمكىن!...»

رازىق مۇھەممەت بۇ گەپلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ئۆز بېشىدىن تەكرار ئۆتكۈزدى. نەتىجىدە ئۇ ھەر تەرەپلىمە چېنىقىش، پىشىپ يېتىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭغا چېتىشلىق كىچىك تەپسىلاتلارنى ئويلىسا، ئۇنىڭ نۇرغۇن كەچۈرمىشلىرى ھايات دەپتىرىنىڭ ھەربىر بەتلىرىگە پۈتۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك، بەزىلىرى تېخى ھەجۋىي تۈس ئالغان. بىراق، ئاشۇلار ئۇنىڭدا بۇگۈنكىدەك مۇستەھكەم غايە، پارلاق ئىستىقبال يارىتىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئەينى يىللاردا رازىق مۇھەممەت ۋە ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ئاشۇ يىراق ناھىيىدە يىلتىز تارتىپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، لېكىن رېئاللىق كىمنىڭ ئىرادىسىگە باقىدۇ دەيسىز؟ ئۇ ئاشۇ يەردە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق، بالا-چاقىلىق بولدى. بۇ ئۇنىڭ غورۇرى، سىياسىي ھاياتى، كىشىلىك تۇرمۇش يولىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۈنئىيلىكتىن تولىمۇ يىراق ئىش ئىدى، بەلكى ئۇنى شۇ چاغدىكى ھاياتنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مۇكاپاتى دېيىشكىمۇ بولاتتى...

تارىخ شۇنچە يىللار مابەينىدە رازىق مۇھەممەتنىڭ زىممىسىگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يۈكلىدى: تۇرمۇش ئۇنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۇل سېلىپ بەردى، خىزمەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداشنىڭ بەرىكەتلىك داستىخىنىنى يايدى، كەسىپ ھاياتلىق شان-شەرىپى ئۈچۈن يېشىل چىراغ ياقتى، ھالال ئەجرى ساداقەتمەن، ساپ قەلبىنىڭ ھەققانىيەت، خالىسلىق گۈلخانلىرىدا تاۋلىنىشقا قۇچاق ئاچتى.

ئۇ زىممىسىگە چۈشكەن يۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى غالىبلارچە كۆتۈرۈپ، بەجانىدىل ئىشلەپ، ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى بىرمۇبىر يېڭىشكە ئادەتلەندى. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى بىرلىكى ھەرىكەت بىرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، قازانغان بارلىق ئۇتۇقلىرى باشقىلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بېغىشلاندى. ۋاقىت ياراتقان ئالتۇندەك پۇرسەتلەر ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزىدە بېقىپ، ھىممىتىنى ئايىمىدى.

رازىق مۇھەممەت ئەينى يىللاردا، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق بانكىسىدا ئادەتتىكى خىزمەتچى ئىدى. كېيىن، بۆلۈم باشلىقى، بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى؛ ئاندىن بانكا باشلىقى، 90-يىللارنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە پارتكوم شۇجىسى، بانكا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى.

ئىنچىكىلىسەك، بۇ بەك ئۇزاق جەريان، ئەمما ھەمىشە خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقى ئىچىدە ئۆتكەن رازىق مۇھەممەتكە نىسبەتەن تولىمۇ قىسقىدەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىنى خۇددى ناھايىتى تېز ئاققان، چاڭقاق ئېتىزلارنى قاندۇرغان بەرىكەتلىك سۇغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇ قىرانلىق چاغلىرىنى ئەسكە ئالغىنىدا ئۇتلۇق ۋۇجۇدىغا پۇل مۇئامىلە كەسپىگە بولغان كۈچلۈك سۆيگۈنىڭ يانداشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ؛ بۇ سۆيگۈ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تۇرمۇشقا، ھاياتقا قىزغىن مۇئامىلە قىلىش، خىزمەتنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئىشلەش، كەسپكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش، تىنىقلا بولىدىكەن بىلىمنى قەدىرلەپ ھەقىقەتنى ياقلاشنى پرىنسىپ ۋە مەۋقە قىلغان. مانا بۇلار ئۇنىڭغا يانداشقان بىر خىل ئېتىقاد، غۇرۇرنىڭ نامايەندىسى، يەنى خىزمەتكە قاتناشقان 1972-يىلىدىن كېيىنكى ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئىزچىل سادىق بولۇپ ماڭغان يولىدىكى يېشىل چىراغنىڭ مەنبەسى!

# بىر گۆرۆپپا ئادەمنىڭ پەزىلىتى

بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتى مىڭغا تېتىيدۇ، بىر گۆرۆپپا ئادەمنىڭ پەزىلىتى مىلليونغا دېگەندەك، رازىق مۇھەممەتتە شۇنداق بىر پەزىلەت باركى، ئۇ يېتەكلىگەن جەڭگىۋار كوللېكتىپمۇ شۇنداق پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن. بۇ پەزىلەت ھەم شەخسكە، ھەم ئومۇمغا مەنسۇپ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ بىر گۆرۆپپا ئادەمنىڭ پەزىلىتى خەلققە مەنسۇپ، ئادەمنىڭ پەزىلىتى قەلبىدە يالقۇنجاپ، ھەرىكىتىدە نامايان بولىدۇ. ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ۋە شان-شەرىپى ئاشۇ خىل پەزىلەتنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مەنىۋى گۈلخان ھېسابلىنىدۇ!

رازىق مۇھەممەتنىڭ پارتىيىگە سادىقلىقى، تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىردەكلىكى ھايات مۇساپىسىدە يېتىلدۈرگەن ئالاھىدە بىر خىل پەزىلەت، ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيدۇ:

— پارتىيە ۋە پارتىيىنىڭ تەربىيىسى بولمىغان بولسا، مەندەك بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك شان-شەرىپى بولمايتتى، مۇنداق مۇھىم ئورۇننىڭ ماڭا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مەن قىلىۋاتقان ھەربىر ياخشى ئىشىمنى پارتىيىگە قايتۇرۇۋاتقان جاۋابىم دەپ قارايمەن، ئۆمرۈم بويى پارتىيىنى سۆيىمەن، پارتىيىنىڭ دېگىنىنى قىلىمەن، پارتىيىمىز قارشى تۇرغان ئىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، قايسى ئىش پارتىيىگە پايدىلىق بولىدىكەن، مەن جان پىدالىق بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن!

شۇنداق، رازىق مۇھەممەت يۇرەك سۆزى بويىچە پارتىيە-خەلقنىڭ خىزمىتى ئالدىدا، تەقدىرنى پارتىيىنىڭ خىزمىتى ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ كەلدى. بۇ ھال بانكا پارتكومىدىكى بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭمۇ مۇستەھكەم قورغان بەرپا قىلىش، ئۇيۇشۇش ئىقتىدارىنى جارى قىلىش رولىنى ئوينىدى. ماھىيەتتە ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئالغان بىر ئادەم پۈتۈن بانكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ جانلىق، ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ئىشلەنگەنلىكىدە نامايان بولىدۇ.

ھازىر جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى ئورگىنىدا ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلىك تارماق بانكىلاردا 12 پارتىيە ياچېيكىسى، 333 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى، 120 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئاز ئادەم، كىچىك قوشۇن ئەمەس، قانداق قىلغاندا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قوشۇننىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ قارىماققا بەك ئاددىيدەك تۇيۇلغان بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئانچە ئاددىي ئەمەس. رازىق مۇھەممەت پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىدىكى باشلامچىلارغا ۋە پارتىيىلىك كەڭ كادىرلارغا تايىنىپ، خىزمەتلەرنى يۈكسەلدۈرۈشتە پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلامچىلىق رولىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ 1998-يىلى بىرىنچى قول رەھبەر بولۇپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن،

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ، پارتكومنىڭ يىغىنلىرىنى قەرەللىك ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە كۆپ قېتىم مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئاممىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، تەكلىپ بېرىش، تەدبىر تۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. بىر قىسىم پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەڭشەپ، ئىلغار كۆچلەرنى سەپلەپ، ئۇلارنىڭ جانلىقلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى. ئۇ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئەزالىرى خىزمىتىدە مۇنداق بىرقانچە ئىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردى:

بىرىنچى، مۇستەھكەم سىياسىي مەيدان تۇرغۇزۇشقا ئەھمىيەت بەردى. قەشقەرنىڭ تېررىتورىيىسى ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق بەش دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسى بىرقەدەر ئۇزۇن، بۇ ھال تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ سۇقۇنۇپ كىرىشىنى مەلۇم جۇغراپىيىلىك يوچۇق بىلەن تەمىن ئېتىشى تۇرغان گەپ. ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 92% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان قەشقەردە مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ. رازىق مۇھەممەت بانكا ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ھەربىر ئادەمنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلىشنى، سىياسىي، ئىدىيىۋى، تەشكىلىي، ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېت بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى

بىردەكلىكنى ساقلاشنى ھەر ۋاقىت تەشەببۇس قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا «قانۇن بويىچە ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» پرىنسىپى ئاساسىدا «ئۈچ نىزام»نى تۈزۈپ يولغا قويدى: «نىزام»مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىشلارنى ۋە سۆزلەرنى قەتئىي قىلماسلىق، پارتىيىلىك كادىرلار دىنغا ئىشەنمەسلىك، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنى ھەر بىر ئادەمنىڭ سىياسىي قىياپىتىنى ئۆلچەيدىغان، يىللىق خىزمىتىنى باھالايدىغان پرىنسىپ قىلدى. چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا: «خەنزۇ يولداشلار بىزنىڭ سەپدىشىمىز، ئۇلار ئىچكىرىدىكى ياخشى تۇرمۇش شارائىتىنى، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، يۇرت-ماكانىنى تاشلاپ، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن. . . شۇڭا، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە تىنچ، تۇرمۇش جەھەتتە خاتىرجەم قىلىشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تەقدىم قىلىشتەك روھىنى چۈشىنىشىمىز ۋە تونۇشىمىز كېرەك!» دېدى ھەمدە بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىچكىرىگە ئەۋەتىپ، ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، ئىدىيىسىدە ئىلغار تونۇش ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت، دىن، تارىخ قارىشى ۋە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق»، «بىرگە قارشى تۇرۇپ، ئۈچنى قوغداش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى.

ئىككىنچى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ سۇپەت-ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بىر قانچە

يىلدىن بۇيان، رازىق مۇھەممەت بانكا سىستېمىسىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى ۋە خىزمەتلەردىكى باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇردى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلىش يۈنىلىشىنى بويلاپ، پارتىيىلىك كادىرلارغا بولغان ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى يېتەكلەشنى قانات يايدۇردى؛ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى داۋامىدا كەسپىي خىزمەتنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، تۇرلۇك پائالىيەتلەرنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى جانلىق بولۇش، خەلققە پايدىلىق بولغان ئۇنۇملۇك مۇلازىمەت ۋە چارىلەرنى يولغا قويۇش، ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت 20 خەتلىك ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى دائىملاشتۇرۇپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيە بىلىمى، غايە-ئېتىقاد، ۋەزىيەت تەربىيىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملىدى. ئۈچتە يېڭى بولۇش تەشەببۇسى جەريانىدا قانۇن، تارىخ، باشقۇرۇش ئىلمى، پەن-تېخنىكا ئىگىلەش كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇردى.

ئۈچىنچى، پاك-دىيانەتلىك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسپىي ئىستىلنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇردى. رازىق مۇھەممەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا باشتىن-ئاخىر باشلامچى بولدى، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش، سەمىمىي مۇلازىمەت قىلىش، باشقىلارنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتەك بىر قاتار تەسىرلىك ئىشلىرى ئارقىلىق، بانكا سىستېمىسىدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىزچىل

تەسىرلەندۈرۈپ كەلدى. ئۇ 1986-يىلى مەملىكەت بويىچە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغاندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە بىر دەرىجە ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلەتتى، بىراق ئەينى چاغدا ئۇ سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغاچقا، بۇ ئىشنى بانكا باشلىقلىرىغا دېمىدى. ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلمىدى. ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن بىر چاغدا، بانكىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويدى، ھۆكۈمەت ئىشىنى پاك، ئادىل بېجىرىشتە باشتىن-ئاخىر «تۆتتە قاتتىق بولۇش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، بانكىنىڭ پارتىيە ئىستىلى ۋە كەسپىي ئىستىلىنى نامايان قىلىپ، ئوبراز تىكلىدى، ئىناۋەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلدى. بارلىق خادىملار ئارىسىدا پۇل مۇئامىلە كەسپىي ئەخلاقىغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈردى، بۇ جەرياندا ئۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، كىم نېمە ئىش قىلىش، قانداق قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى؛ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تۈزۈمى، تەكشۈرۈش-سىناق تۈزۈمى، ئىدىيە، تەشكىلىي تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بويىچە 20 نەچچە تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق، ئاۋانگارتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن بانكىنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشتا قاتتىق بولۇش، قاتتىق بولۇشتا تەربىيىدە قاتتىق بولۇش، باشقۇرۇشتا قاتتىق بولۇش، نازارەتتە

قاتتىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتكومنى بىر جەڭگىۋار قورغانغا ئايلاندۇردى.

تۆتىنچى، «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەمىشە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاپ، باشقىلارنى سەمىمىيەت بىلەن يېتەكلىدى. رازىق مۇھەممەت مۇنداق قارىدى: ياخشى بىر قوشۇننى بەرپا قىلىش بىر تەرەپكىلا باغلىق ئەمەس، بۇنىڭدا باشقۇرۇشقىلا تايانغان بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ، شۇڭا تەربىيىلەش، يېتەكلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

رازىق مۇھەممەت «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تۆرلۈك تەربىيىلەش، بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەھۋەتكەندىن باشقا، بىر قىسىم كەسپىي خادىملار، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىلەش، يېتەكلەشنىمۇ چىڭ تۇتتى. 1997-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەركىزىي تارماق بانكا ئورگىنى xx نىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىنى رەسمىيلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەسلىدە، خەلق بانكىسى ئىشچى-خىزمەتچىلىرى كېپىل بولۇپ باشقا بانكىلاردىن، بولۇپمۇ ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدىن باشقىلارغا قەرز پۇل ئېلىپ بېرىشكە بولمايتتى. ئەمما، ھېلىقى «كاندىدات پارتىيە ئەزاسى» بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارغا 100مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ بەرگەنىدى. بۇ ئىش سېزىلگەندىن كېيىن رازىق مۇھەممەت ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ، پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق چۈشەندۈردى ھەمدە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەسمىيلەشمىگەن بۇ پارتىيە ئەزاسىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. كېيىنكى باسقۇچتا، XX نىڭ قەرز پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشى تولۇق ئىشقا ئاشمىغاچقا، ئۇنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق

سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى؛ مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ قوغداش ساقچىسى XX كومپارتىيە ئەزاسى تۇرۇقلۇق ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قويماي، يىل ئاخىرىدا لاياقەتسىز باھالىنىپ قالدى. رازىق مۇھەممەت كۆپ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئالغا بېسىشقا ئىلھام بەردى. ياندۇرقى يىلى ئۇ قايتىدىن لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. بۇنداق ياخشى پەزىلەتنى باشقا كومپارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىنمۇ كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى مۇھەممەت ھەسەن، پەن-تېخنىكىدا ئالغا بېسىش ماھىرى، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى 10 مۇنەۋۋەر ياشنىڭ بىرسى بولغان جاڭ جيەن، شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر ياش قوغدىغۇچى ۋۇخۇڭخۋى قاتارلىقلارمۇ ئەنە شۇنداق پەزىلەتنى نامايان قىلغان كىشىلەردۇر. رازىق مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنىدىن 1996-يىلىدىن بۇيان يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ % 60 نى ئىگىلىدى. 1996-يىلىدىن 1998-يىلىغىچە ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن ئۇدا ئۈچ يىل ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 2001-يىلى خەلق بانكىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى پارتكومى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىئەن شۆبە بانكىسى پارتكومى تەرىپىدىن ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بولدى، 2002-يىلى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن، مەملىكەت بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن، 1999-يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئۇدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

# تىزگىن تۈزىدۇ

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى بۇ ئانا تۇپراقنىڭ قوينىدا ئاجايىپ رەڭدار جانلىنىشلار بارلىققا كەلدى. كىشىلەر تۇيغۇسىنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىشى پۈتكۈل ئىجتىمائىيەتكە تەسىر كۆرسەتتى. ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش ئىسكەنجىسىدە بوغۇلۇپ گادايلىشىپ كەتكەن ئەقىل باغلىرى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا رەڭگارەڭ چېچەككە پۈركىنىپ، نامراتلىق، نادانلىق كىشەنلىرىنى تەدرىجىي پاچاقلاپ، ھاياتقا يېڭىچە بىر تۇرمۇش پۇرىقىنى ئاپىرىدە قىلىشقا باشلىدى. ھايات شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، تەرەققىيات مارشىنى ياڭرىتىپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىنى تۆۋەن دەرىجىدىكى ھېسسىي قىممەت قارىشىدىن ماددىي قىممەت قارىشىغا يۈزلەندۈردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى زامانغا ماسلاشمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پۇلدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىنى دەسسەتتى. كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى ئەنە شۇنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ ھال كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق نەزىرىنى پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىغا، بولۇپمۇ بانكا ئورۇنلىرىغا ئاغدۇرۇشقا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىملەردۇر تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭدىن خېلى زور نەپ ئالدى، تۈرلۈك ئۇسۇللارغا تايىنىپ قىممەت ياراتتى. كېيىنچە بەزىلەر بۇ ساھەدىكى

كەسكىنلىك ئىچىدە نابۇت بولدى، بەزىلەر ھەقىقەتەن ئىگىلىك تىكلەپ خوجايىنغا ئايلاندى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويۇش جەريانىدا بانكىنىڭ بىر قىسىم كادىرلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يولدىن چەتنىدى ياكى ئىسلاھاتنىڭ قىسمەن يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىش خام خىيالىدا بولۇپ، قەدىمىنى قىڭغىر باستى، نەتىجىدە بانكىنى ۋە ئۆزىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى، بەزىلەر ھەتتا چىرىكلىشىپ، بانكىنىڭ ئوبرازىنى بۇلغىدى…

ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى نۇرغۇن ساۋاق ۋە تەجرىبىلەر رازىق مۇھەممەتنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا بىرمۇبىر تىزىقلىق ئىدى، ئۇ بانكا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇشۇ خىل ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈستىدە خېلى بۇرۇنلا باش قاتۇرغان ۋە بىر قىسىم تەسەۋۋۇرلارنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. 1998-يىلىدىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن كۆپ قېتىم كېڭىشىپ، ئاخىر پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش، بانكىنى قاتتىق تۈزەش، ئىستىلنى قاتتىق نازارەت قىلىش، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، پۇل مۇئامىلە كەسپىدىكى خاتا خاھىشلارنى چەكلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بويىچە بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئۇ ھەممە تەرەپنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق مۇستەھكەم توغان ياساپ، خاتالىق يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن كەسىپتە قائىدە-قانۇن، نىزاملارنى ئاساس قىلىپ، ئۆز سىستېمىسىنىڭ قائىدە-تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەشنى چىڭ تۇتتى . بۇنىڭ تۈرتكىسىدە بانكىنىڭ ھەممە ساھەلىرى، ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ئىش تۈرى بويىچە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمە، ئۆلچەملەرنى

بىرمۇبىر تۈزۈپ چىقتى ۋە دەرھال يولغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى. 1999-يىلىدىن ئېتىبارەن ھەممە ئىش قېلىپلىشىش، مۇنتىزىملىشىش يولىغا كىردى. كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيەت دائىرىسى ئېنىق بېكىتىلگەنلىكتىن، ئۆز خىزمىتىدىكى دېموكراتىيە ھوقۇقى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى، ھەممەيلەندە كۆڭۈل ئازادلىك ۋە قىزغىنلىق بارلىققا كېلىپ، كەسپىي ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئىشلىتىش تەشەببۇسكارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

رازىق مۇھەممەت ھەممە ئىشتا پارتكومنىڭ بېكىتكىنى بويىچە ئۆزى باشلامچى بولۇپ تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. ئەمەلىيەت جەريانىدا كىم خىلاپلىق قىلسا، يۈز-خاتىر قىلماي بېكىتكەن پرىنسىپ بويىچە جازالىدى، ئىشنى لىللا قىلىپ بەگدىن، خاندىن قورقمىدى.

1999-يىلى، ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا 17 ئورۇندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە نۇقتىلىق تىجارەت ئورۇنلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ چاغدا بىر قىسىم تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى قىسمەن ناتوغرا ئىشلىرىنى يوشۇرۇشنىڭ كويىدا بولدى، ئەمما رازىق مۇھەممەت ۋە مەركىزىي تارماق بانكىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار بۇنىڭغا قىلچە سۇلھى-سالا قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتماستىن، بەلكى مۇلازىمەتتە ئەلا بولۇپ، ئۇلارغا قانۇننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈردى، قانۇن-تۈزۈمگە خىلاپ كەسىپ بېجىرگەن ئىككى ئورۇنغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 80 مىڭ يۈەن ۋە 25 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇپ نەقلەشتۈردى، شۇنداقلا ئۇلارنى 1993-يىلىدىن 1995-يىلىغىچە بەلگىلىمىگە خىلاپ

تارقاتقان 40 مىليون يۈەن قەرز پۇلنى دەرھال يىغىۋېلىشقا بۇيرۇدى. يەنە بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىدلەپ، باشقا جايلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشىنى تەۋسىيە قىلىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ھەر قانداق توسالغۇنى يېڭىپ، بەلگىلىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلغانلىقتىن، ۋىلايەت بويىچە ھېساب سىرتىدا ئىش قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىش بىلەن شۇغۇللىنىش ھادىسىلىرىنىڭ قايتا يۈز بېرىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

خەلق بانكىسىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ھەرقايسى بانكىلار رازىق مۇھەممەتكە باھا بەرگەندە مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈردى: مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش، قانۇن يۈرگۈزۈش، نازارەت قىلىشتىكى ئەمەلىي يېتەكچىلىكى جانلىق بولغانلىقتىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئېقىپ كەتمىدى، بەلكى تەرەققىي قىلدى، بۇنىڭدىكى تۆھپىدە رازىق مۇھەممەتنىڭ ئەجرى كۆپ. ئۇ قوش ئازايتىش خىزمىتىنى چىڭ، قاتتىق تۇتۇپ، ئىنچىكە ئىشلەپ، ياخشى پۇل مۇئامىلە مۇھىتىنى يارىتىشقا ئاساس سالدى...

پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەر قاچانلا بولمىسۇن رازىق مۇھەممەتنىڭ ھەقىقەتەن ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەملىكىنى تىلغا ئالىدۇ، رەھبەرلىك سەنئىتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدىكى «رەھبەرلىك سەنئىتى ئۈستۈن» دېگەن قاراشنى نۇرغۇن ئادەم تولۇق چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنداقتا تۆۋەندىكى

كونكرېت پاكىتلارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى:

بىرىنچىدىن، رازىق مۇھەممەت ھەرقانداق تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى ئۆزىدىن باشلىدى، تۈزۈمنى تۈزگەن ئىكەن، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن بويسۇندى. بۇ جەھەتتە ئۇ «ئۆزىنى سورىغان يۇرت سورار» نى ئۇبدان بىلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمىدى، باشقىلارنىڭمۇ ھۆكۈمەت پۇلىنى خالىغانچە بۇزۇپ-چېچىپ يېيىشىگە يول قويمىدى. ئۇ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ئەجىر مېۋىسىدىن باشقا ھەرقانداق پايدا-مەنپەئەتنى بىرىنچى بولۇپ چەكلىدى، چىرىكلىككە قارشى تۇردى، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا يېتەكلىدى. خىزمەتتە پرىنسىپسىزلىق قىلغانلارنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جازالىدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئاممىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىدى. ئۇ ھەر بىر مۇھىم ئىشنى بانكىنىڭ خىزمەت تەرتىپىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئالدى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويدى، ئۆزۈمچىلىكتىن ساقلاندى، باشقىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنىمۇ پرىنسىپ بويىچە بېجىردى. بىر ئادەم يېتەكلەش، كۆپ ئادەم قارار قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، باشقىلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلدى، ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسى بويىچە ھوقۇق بەردى، مەجبۇرىيەت يۈكلىدى، خىزمىتىگە چات كىرىۋالماي، كېيىنگە قوشۇق سالماي، مۇستەقىل كەسىپ بېجىرىش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى؛ تۆتىنچىدىن، قوسۇرچىلىقتىن ساقلاندى، كىم مەسىلە سادىر قىلسا، ئاشكارا تەنقىدلەپ تۈزەتتى، كىم نەتىجە قازانسا دەل ۋاقتىدا، نەق مەيداندا مۇكاپاتلاپ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى،

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئىشىدىن ھە دېگەندە قۇسۇر ئىزدىمەي، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە رىغبەتلەندۈرۈش يولى بىلەن يېتەكلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى؛ بەشىنچىدىن، ئۆزئارا كۆيۈنۈشنى خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلاندۇردى. تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، خىزمەتتە ئاكتىپ، ئەستايىدىل بولدى، كۆيۈنۈشكە تېگىشلىك بولغانلارغا كۆيۈندى، غەزەپلىنىشكە تېگىشلىك ئىشلارغا قاتتىق نەپرەت ياغدۇردى، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكتى ۋە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈپ، قېرىنداشلىق رىشتىنى مەھكەم چاتتى. شەخسىيەتچىلىك، مەزھەپچىلىك، داغۋازلىق، مەمەدانلىقتىن يىراق تۇردى. ئۆزىنى سەمرىتىش، ئۆز تەرەپدارلىرى بولمىغانلاردىن ئۆچ ئېلىشتەك شەخسىيەتچىلىكنى سادىر قىلمىدى؛ ئالتىنچىدىن، پارتىيىۋىلىك مەيدانىدا ئېغىشماي چىڭ تۇردى، قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولدى. مانا بۇ تەرەپلەر رازىق مۇھەممەتنىڭ بۈگۈنىنى، ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى شۆھرىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قاراڭ، ئاشۇ پەزىلەتلەر ئۇنىڭدا بولغان ئىكەن، كىممۇ قۇسۇر تېپىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟!

بۈگۈنكى زامان تۇرمۇشىدا ئادەملەر، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار قىڭغىر يولدىن، ناتوغرا ئىشلاردىن يىراق تۇرسىلا، پاك دىيانىتىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئادىللىق بىلەن ئىش قىلسىلا، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ قارشى چىقىپ ئاغدۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەنە شۇنداق جەريانلارنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولغان!

# شەرەپ مۇنبىرىدە چاقنىغان نۇر

رازىق مۇھەممەت شۇ تاپتا كۇمۇش لاچىنغا ئولتۇرۇپ، يەنە كۆك قەرىگە شۇڭغۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا غەربتىن شەرققە ـ پايتەخت بېيجىڭغا قاراپ ئۇچقانىدى، مانا ئەمدى شەرقتىن غەربكە ـ ئانا دىيار قەشقەرگە قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. سەپەرگە ئاتلىنىش مىنۇتلىرى يېقىنلاشقانسېرى قەلبىدىكى چەكسىز ھاياجان رەڭگىرويىدا ئىپادىلىنىپ، تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق جىلۋىلىنەتتى. بەختىيارلىق بىلەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى چىرمىغان ۋۇجۇدىدا چەكسىز مىننەتدارلىق، سۆيۈنۈش، پارتىيىگە بولغان ساداقەت مەۋج ئۇراتتى...

